





# دۇنياغا نەزەر

# دۇنيـاغا نـەزەر

دۇنيا بىلىملىرى نەشرىياتى تۈزگەن
تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇكېرىم سابىت

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ كىتاپ دۇنيا بىلىملىرى نەشرىياتىنىڭ 1980 - يىل 5 - ئاي بېيجىڭ 1- نەشرى 1- باسمىسىغا ئاساسەن قىسقارتىپ تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
本书根据世界知识出版社1980年5月北京第1版第1次印刷本删译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: نۇرمەھەممەت دولەتى
ھىدايىتىللا سەلەي

# دۇنياغا نەزەر

دۇنيا بىلىملىرى نەشرىياتى تۈزگەن
تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇكېرىم سابىت

*

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتاپخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1092 × 787مم 1/32 باسما تاۋىقى: 6.125
1983 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى
1984 - يىل 1 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاپ نومۇرى: M3264·1
سانى: 7,000 — 1
باھاسى: 0.31 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تۈزگۈچىدىن

قۇياش شائىلىق نۇردىنى چېچىپ تۇرغان كەڭ زېمىن 80 - يىللارنىڭ تۇنجى باھارىنى كۈتۈۋالدى.

80 - يىللار مەملىكىتىمىزدە 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ئاساس سېلىشتا ھالقىلىق 10 يىل. دۇنيا تونۇرىسىدىكى چۈشەنچىمىزنى ئاشۇرۇش، خەلقارا بىلىمنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن، بۇ كىتاپچىنى ئالاھىدە تۈزۈپ چىقتۇق.

بۇ كىتاپقا بېسىلغان ماقالىلارنىڭ كۆپچىلىكىنى مەخسۇس تەتقىقات خادىملىرى يازغان بولۇپ، بىلىملەرنى تونۇشتۇرۇش ئاساس قىلىنغان، مەزمۇنى چوڭقۇر، چۈشىنىشلىك ۋە قىزىقارلىق.

بۇ كىتاپنى تۈزۈش جەريانىدا، مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسى خەلقارا بولۇمىنىڭ ياردىمىگە مۇيەسسەر بولدۇق. بۇ يەردە ئۇلارغا كۆپ رەھمەت ئېيتىمىز.

1980 - يىل 4 - ئاي

* * *

## مۇندەرىجە

يەر شارىنىڭ كورۇنۇشى ........................ 1
7 قىتئە ۋە 4 ئوكيانىنىڭ ئالاھىدىلىگى .................. 8
مۇز - قارلىق قۇرۇقلۇق — ئانتاركتىدا.................. 15
شىمالىي قۇتۇپ — ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم جاي ۋە
بايلىق غەزىنىسى ........................ 24
گرېنلاندىيە ۋە ئېسكىمولار ........................ 36
بوغاز — قۇرۇقلۇق ۋە ئوكيانىنىڭ بوغىزى.................. 44

* * *

7 قىتئە، 4 ئوكيانناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ...... 64
ئاسىيادىكى مەملىكەتلەرنىڭ ناملىرى توغرىسىدا ...... 71
ئافرىقىدىكى دولەتلەر ۋە رايونلارنىڭ ناملىرى
توغرىسىدا ........................................ 88
لاتىن ئامېرىكىسى ئەللىرىدىكى مىللەت ۋە دولەت
ناملىرى ........................................ 94
ياۋروپادىكى مەملىكەتلەرنىڭ ناملىرى توغرىسىدا ...... 103
ئوكيانىيىدىكى يەر ناملىرى توغرىسىدا.................. 113
دۇنيادىكى مەملىكەتلەر (رايونلار) پايتەخت (مەركەز)
لىرىنىڭ ناملىرى توغرىسىدا ...................... 120

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

* * *

يەر شارىدىكى سۇ ئىشلىتىشكە يېتەمدۇ؟ ............ 136
نېفىت — 20 - ئەسىردىكى ئېنېرگىيە مەنبەسىنىڭ سەردارى ............................................ 150
قۇملۇقنىڭ بايلىق .................................... 168
دېڭىز - ئوكيانلاردىكى مول جان - جانىۋارلار بايلىقى... 183

# يەر شارىنىڭ كورۇنۇشى

يەر شارى — ئىنسانلار ئەمگەك قىلىدىغان، ھايات كەچۈرىدىغان جاي، ئۇ ئالەمدىكى كىچىككىنە بىر پلانېتىدىنلا ئىبارەت. لېكىن ئىنسانلار نەزىرىدە، يەر شارى قالتىس چوڭ نەرسە.

دۇنيانى چۈشىنىش ۋە بىلىشتە، ئالدى بىلەن، بىز ياشاۋاتقان مۇشۇ دۇنيا يەنى مۇشۇ يەر شارىنىڭ چوڭلۇغى قانچىلىك؟ دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. يەر شارى شارسىمان نەرسە ئىكەن، ئۇنداقتا گەپنى شۇنىڭدىن باشلايلى.

يەر شارى دېگىنىمىز، ئىسمىدىن مەلۇم بولىغىنىدەك، يۇمۇلاق شارسىمان جىسىم. لېكىن يەر شارى ھەقىقىي، تازا يۇمۇلاق شار ئەمەس، بەلكى جەنۇبىي قۇتۇبى بىلەن شىمالىي قۇتۇبى سەل - پەل ياپىلاق كەلگەن شار شەكىللىك جىسىم، بىراق، ئۇنىڭ ياپىلاقلىقى شۇ دەرىجىدە كىچىككى، پەقەت ئىككى يۈز تۇقسان سەككىز پۈتۈن ئۈچتىن بىرگىلا توغرا كېلىدۇ. ئەمىلىيەتتە، يەر شارى ناھايىتى زور ئېللىپس جىسىم.

يەر شارى يۈزىنىڭ ئومۇمىي كولىمى 510 مىليون كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. يەر شارىنىڭ ئەڭ يۇقۇرى رادىئوسى (يەر مەركىزىدىن ئىككى قۇتۇپ نۇقتىسىغىچە بولغان ئوتتۇرىچە تۈز سىزىغىنىڭ ئارىلىغى) 6 مىڭ 357

www.uyghurkitap.com

كىلومېتىر، ئېكۋاتور رادىئۇسى (يەر مەركىزىدىن ئېكۋاتورنىڭ ھەرقايسى نۇقتىلىرىغىچە بولغان ئوتتۇرىچە ئارىلىق) 6 مىڭ 378 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ ئىككى سان قىممىتىگە مۇناسىپ ھالدا جەنۇبىي ۋە شىمالىي قۇتۇپنى كېسىپ ئۆتىدىغان، يەر شارىنى بىر ئايلىنىدىغان مېرىدىئان چەمبىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40 مىڭ 900 كىلومېتىر، ئېكۋاتور چەمبىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40 مىڭ 76 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ سانلار يەر شارىنىڭ ئىككى قۇتۇبىنىڭ سەل-پەل ياپىلاق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

يۇقۇرىدا ئېيتىلغان مېرىدىئان چەمبىرى — جەنۇبىي ۋە شىمالىي قۇتۇپتىكى تەكشىلىكنى يەر شارى يۈزى بىلەن ئۆتەشتۇرىدىغان سىزىق. مېرىدىئان سىزىقى ئېكۋاتور بىلەن تىك بۇلۇڭ ھاسىل قىلىدۇ. پۈتكۈل يەر شارى تەپمۇ-تەڭ 360 بولەككە بولۇنىدۇ، ھەر بىر بولەك بىر مېرىدىئان دەپ ئاتىلىدۇ. 1884-يىلى ئېچىلغان خەلقارا مېرىدىئان يىغىنى ئەنگلىيىنىڭ لوندون شەھىرىنىڭ شەرقىي-جەنۇبىي ئەتراپىدىكى گرېنۋىچ رەسەتخانىسىدىن ئۆتىدىغان مېرىدىئان سىزىقىنى نۆل گرادۇس مېرىدىئان سىزىقى قىلىپ بەلگىلەشنى قارار قىلغان، ئۇ، نۆل گرادۇسلۇق مېرىدىئان سىزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ سىزىقنىڭ شەرقى شەرقىي مېرىدىئان، غەربى غەربىي مېرىدىئان دەپ ئاتىلىپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا 180 گرادۇسقىچە سانىلىدۇ. نەزەرىيە جەھەتتە، نۆل گرادۇسلۇق مېرىدىئان سىزىقىنىڭ شەرقى شەرقىي يېرىم شار، غەربى غەربىي يېرىم شار دېيىلىدۇ.

ئېكۋاتور — يەر شارىنىڭ يۈزىدىكى ئەڭ چوڭ پاراللېل چەمبەر، يەنى نۆل گرادۇس پاراللېلدۇر. يەر شارىدى-



نىڭ شار مەركىزى بىلەن ئېكۋاتور ۋە قۇتۇپنى چېتىشىپ تۇرىدىغان سىزىقنىڭ ئارىلىقىدىكى ئارا بۇلۇڭ 90° كېلىدۇ. مەركىزىي بۇلۇڭنىڭ 90° لۇق تەڭ بولەك سىزىقى بىلەن يەر شارى يۈزىدىكى كېسىشىش نۇقتىسى مۇناسىپ كەڭلىك گرادۇسىنىڭ ئورنى ھېساپلىنىدۇ، يەر شارى ئېللىپسىمان شار بولغانلىقى ئۈچۈن، پاراللېل گرادۇسلىرىنىڭ ئارىلىقى تەڭ بولمايدۇ. ئېكۋاتورنىڭ شىمالى شىمالىي پاراللېل، ئېكۋاتورنىڭ جەنۇبى جەنۇبىي پاراللېل دەپ ئاتىلىدۇ. پاراللېل سىزىقلار تەڭمۇ-تەڭ بولىدۇ، مېرىدىئان سىزىقلار بولسا ئىككى قۇتۇپتا گىرەلىشىپ تۇرىدۇ.

بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان مېرىدىئان سىزىقى، پاراللېل سىزىقى ۋە ئېكۋاتور پەرەز قىلىنغان سىزىقلار ئەلۋەتتە، لېكىن، پەرەز قىلىنغان بۇ سىزىقلار مەيلى پەن تەتقىقاتى ئۈچۈن بولسۇن ۋە مەيلى ئەمەلىي تۇرمۇش ئۈچۈن بولسۇن، ناھايىتى كېرەكلىك ۋە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مۇشۇ مېرىدىئان-پاراللېل تورى بولغانلىقى ئۈچۈنلا، جۇغراپىيىلىك كوئوردىناتنى مېرىدىئان-پاراللېل گرادۇسى ئارقىلىق بىلدۈرەلەيمىز، جۇغراپىيىلىك كوئوردىناتنىڭ سانلىق قىممىتىگە ئاساسەن، ھەر قانداق جاينىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنى تېزلا ئېنىقلاپ چىقالايمىز. دېڭىزدىكى پاراخوتلارمۇ ياكى ئاسماندىكى ئايروپىلانلارمۇ ئۆزىنىڭ يولى ۋە ئورنىنى مېرىدىئان-پاراللېل تورى ئارقىلىق كۆرسىتەلەيدۇ، ھەتتا سۈنئىي ھەمراھلارمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس.

يەر شارىدىكى ئىسسىقلىقنىڭ قۇياشتىن كېلىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. يەر شارىنى ئالاھىزەل بەش ئىقلىم بەلۋىغىغا بولۇش مۇمكىن: ئېكۋاتورغا يېقىن جايلارغا قۇياش

نۇرى ئۇدۇللا چۈشىدۇ ياكى ئۇدۇلراق چۈشىدۇ، ئۇ يەر-
لەرنىڭ ھارارىتى يىل بويى يۇقۇرى بولۇپ، ئىسسىق بەل-
ۋاغ دەپ ئاتىلىدۇ؛ ئىككى قۇتۇپ ئەتراپلىرىغا كۈن نۇرى
تازا يانتۇ چۈشىدۇ، ئۇ يەرلەرنىڭ قۇياشتىن ئالىدىغان نۇر
ئىسسىقلىقى ناھايىتى ئاز بولغاچقا، يىل بويى قاتتىق سوغاق
بولىدۇ، شۇڭا، سوغاق بەلۋاغ دەپ ئاتىلىدۇ، شىمالىي
قۇتۇپقا يېقىن جايلار شىمالىي سوغاق بەلۋاغ، جەنۇبىي
قۇتۇپقا يېقىن جايلار جەنۇبىي سوغاق بەلۋاغ دەپ ئاتى-
لىدۇ. ئىسسىق بەلۋاغ بىلەن جەنۇبىي - شىمالىي قۇتۇپ ئارى-
لىقىدىكى جايلارنىڭ قۇياشتىن ئالىدىغان نۇر ئىسسىقلىقى
سوغاق بەلۋاغدىكى جايلار ئالىدىغان ئىسسىقلىقتا قارىغاندا
كوپ، ئىسسىق بەلۋاغدىكى جايلار ئالىدىغان نۇر ئىسسىق-
لىقىغا قارىغاندا ئاز بولغانلىقتىن، شىمالىي موتىدىل بەلۋاغ
ۋە جەنۇبىي موتىدىل بەلۋاغ دەپ ئاتىلىدۇ. بەش ئىقلىم
بەلۋىغى ئايرىم - ئايرىم ھالدا جەنۇبىي، شىمالىي تروپىك
سىزىقى بىلەن جەنۇبىي، شىمالىي قۇتۇپ چەمبىرىنى چېگرا
قىلىدۇ. لېكىن ئەمەلىيەتتە، يەر شارىنىڭ ھاۋارايى ئاس-
ترونومىيىلىك ئامىللارنىڭ تەسىرىدىن باشقا، يەنە نۇرغۇن
ئامىللارنىڭ، ئالايلى، ئاتموسفېرا ھاۋا ئېقىمى، ئېگىزلىك-
پەسلىك، دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇقنىڭ جايلىشىشى، قۇرۇقلۇقنىڭ
چوڭ - كىچىكلىكى، ئوكيان ئېقىمىنىڭ ھەركىتى ۋە باشقىلار-
نىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرايدۇ.

يەر شارىدا قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز - ئوكيانلار بار.
قۇرۇقلۇقنىڭ ئومۇمى كولىمى 148 مىليون كۇۋادرات كىلو-
مېتىردىن ئاشىدۇ، دېڭىز - ئوكيانلارنىڭ ئومۇمى كولىمى 363
مىليون كۇۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. دېمەك، قۇرۇقلۇق يەر



شارى كولىمىنىڭ 29 پىرسەنتىنىلا تەشكىل قىلىدۇ، دېڭىز-
ئوكيانلار بولسا 71 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. باشقىچە
ئېيتقاندا، دېڭىز - ئوكيانلارنىڭ كولىمى قۇرۇقلۇق كولىمى-
نىڭ تەخمىنەن ئىككى يېرىم باراۋىرىگە تەڭ.

يەر شارىدىكى قۇرۇقلۇق ئوكياندىن كوپ دەرىجىدە
كىچىك بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭ ئۈستىگە تارقىلىشىمۇ تازا
تەكشى ئەمەس: جەنۇبىي ۋە شىمالىي يېرىم شارنى ئالساق،
شىمالىي يېرىم شاردا قۇرۇقلۇق كوپ، جەنۇبىي يېرىم شاردا
ئاز؛ شەرقىي ۋە غەربىي يېرىم شارنى ئالساق، شەرقىي
يېرىم شاردا قۇرۇقلۇق كوپ، غەربىي يېرىم شاردا ئاز.

يەر شارىدىكى قۇرۇقلۇق ھەر خىل دەرىجىگە بولۇن-
گەن، لېكىن، ئاساسىي جەھەتتىن ئىككى تۈرگە يەنى چوڭ
قۇرۇقلۇق بىلەن ئاراللارغا بولۇنىدۇ. چوڭ قۇرۇقلۇقتىن
پەقەت ئالتىسى بار، ئاراللار بولسا سان - ساناقسىز، بىراق،
150 مىليون كۇۋادرات كىلومېتىرغا يېقىن قۇرۇقلۇق ئىچىدە،
بارلىق ئاراللارنىڭ كولىمى 10 مىليون كۇۋادرات كىلو-
مېتىرغا يەتمەيدۇ. ئالتە چوڭ قۇرۇقلۇقلار ئۆزىنىڭ چوڭ-
كىچىكلىكى بويىچە، ئاسىيا - ياۋروپا قۇرۇقلۇغى، ئافرىقا
قۇرۇقلۇغى، شىمالىي ئامېرىكا قۇرۇقلۇغى، جەنۇبىي ئامې-
رىكا قۇرۇقلۇغى، جەنۇبىي قۇتۇپ قۇرۇقلۇغى ۋە ئاۋسترا-
لىيە چوڭ قۇرۇقلۇغىدىن ئىبارەت 6 گە بولۇنىدۇ. كىشىلەر
ئادەتتە، تارىخىي مۇناسىۋەت ۋە ئادەت مۇناسىۋەتلىرى
تۈپەيلىدىن ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇغىنى ئاسىيا قىتئە-
سى ۋە ياۋروپا قىتئەسى دەپ ئىككىگە بولۇۋەتكەن. شۇ
سەۋەپتىن، چوڭ قۇرۇقلۇق ئالتە بولغىنى بىلەن، قىتئە
يەتتە بولۇپ قالغان، بۇلار، ئاسىيا قىتئەسى، ئافرىقا

قىتئەسى، شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسى، جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسى، ئانتاركتىكا، ياۋروپا قىتئەسى ۋە ئوكيانىيەلەردىن ئىبارەت. دېڭىز - ئوكيانلارنىڭ كولىمى قۇرۇقلۇق كولىمىدىن كەڭ بولۇپلا قالماي، ھەجىمىمۇ ئوتتۇرىچە دېڭىز يۈزىدىن يۇقۇرى بولغان قۇرۇقلۇقنىڭمۇ زور دەرىجىدە چوڭ. يەر شارىدىكى قۇرۇقلۇقنىڭ ئومۇمەن دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 840 مېتىردىن ئاشمايدۇ، دېڭىز - ئوكيانلارنىڭ ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى بولسا، 3 مىڭ 810 مېتىرغا يېتىدۇ.

يەر شارىدىكى ئوكيانلار تارىخىي مۇناسىۋەت ۋە ئادەت مۇناسىۋەتلىرى تۈپەيلىدىن، شۇنداقلا چوڭ قۇرۇقلۇقلارنىڭ بۆلۈنۈش ئەھۋالىغا ئاساسەن، چوڭ - كىچىكلىك تەرتىۋى بويىچە تىنچ ئوكيان، ئاتلانتىك ئوكيان، ھىندى ئوكيان، شىمالىي مۇز ئوكياندىن ئىبارەت تۆت چوڭ ئوكيانغا بۆلۈنىدۇ.

قۇرۇقلۇقنىڭ يەر شارىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى خېلى كىچىك بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ ئىنسانلار تۇغۇلىدىغان ۋە پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ئاساسىي زېمىندۇر. يەر شارىدىكى قۇرۇقلۇقتا مىليونلىغان يىللار جەريانىدا ھەر خىل يەر تۈزۈلۈشلىرى ۋە تەبىي مەنزىرىلەر ھاسىل بولغان: قۇرۇقلۇقتا تۈپ - تۈز دالالار، ئېگىز تاغلار، جىمجىت كوللەر، قاينام - تاشقىنلىق دەريالار، تىك چۈشكەن شاقىراتمىلار بار. راستلا مەنزىرىلەرمۇ ھەر خىل، بولۇپ تۇرىدىغان ئۆزگىرىشلەرمۇ چەكسىز. بىر مۇنچە جايلارنى كوز يەتمەيدىغان قېلىن ئورمانلار قاپلىغان بولۇپ، ئالاھىدە گۈزەل كورۈنىدۇ. يەر ئاستىغا كەلسەك، ھەممىلا يەردە خىلمۇ - خىل كان بايلىقلىرى بولۇپ، كىشىلەر تەرىپىدىن قېزىپ ئۆزلەشتۈرۈشنى كۈتۈپ تۇرماقتا ياكى قېزىلماقتا، ئۆزلەشتۈرۈلمەكتە.



www.uyghurkitap.com

قۇرۇقلۇق — مەملىكەتلەر ۋە رايونلارغا بۆلۈنگەن. يېقىنقى سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، دۇنيادا 200 دىن ئوشۇق مەملىكەت ۋە رايون بار. بۇنىڭ تولىسى ئافرىقا قىتئەسىدە، ئاندىن قالسا ئاسىيا قىتئەسىدە، ئۇنىڭدىن قالسا لاتىن ئامېرىكىسىدا، ياۋروپادا، ئوكيانىيەدە ۋە شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىدە. جۇغراپىيە جەھەتتىن قارىغاندا، دۇنيادىكى مەملىكەت ۋە رايونلار، مەيلى جۇغراپىيىلىك ئورنى، مەملىكەت دائىرىسى، يەر تۈزۈلۈشىنىڭ ئېگىز - پەسلىكى، ئىقلىمىنىڭ ئىسسىق - سوغاقلىقى جەھەتتىن بولسۇن ۋە مەيلى باشقا جەھەتلەردىن بولسۇن، ناھايىتى زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، تۈركىيە، مىسىر ۋە ھىندونېزىيىگە ئوخشاش بەزى مەملىكەتلەر ئىككى قىتئەگە جايلاشقان؛ ئېكۋادور، برازىلىيە، زايىر، سومالىغا ئوخشاش دولەتلەر ئېكۋاتورنىڭ جەنۇبىغىمۇ، شىمالىغىمۇ جايلاشقان؛ بەزى مەملىكەتلەر ئاراللارغا جايلاشقان، دۇنيادا جەمئى 35 ئارال مەملىكىتى بار، ئۇلارنىڭ كوپ قىسمى تىنچ ئوكياندا؛ بەزى مەملىكەتلەر ئىچكى قۇرۇقلۇقتا جايلاشقان، دۇنيادا ئىچكى قۇرۇقلۇق مەملىكىتىدىن 30 ى بار، بۇنداق دولەتلەر ئافرىقىدا ئەڭ كوپ. مەملىكەت دائىرىسىدىن ئېيتقاندا، چىلى ۋە نورۋېگىيىگە ئوخشاش ناھايىتى تار ۋە ئۇزۇنچاق مەملىكەتلەر بار، پىل چىشى قىرغىقى ۋە سۇرىنامغا ئوخشاش خېلىلا چاسا مەملىكەتلەر بار؛ نېپال، شۋېتسارىيىگە ئوخشاش ئېگىز تاغلىق مەملىكەتلەر بار؛ ئېفىئوپىيىگە ئوخشاش ئېگىزلىك مەملىكەتلەر بار؛ گوللاندىيىگە ئوخشاش ئويمان مەملىكەتلەرمۇ بار؛ فىنلاندىيىگە ئوخشاش كول كوپ مەملىكەتلەر بار؛ سالۋادورغا ئوخشاش ۋولقان كوپ مەملىكەتلەرمۇ بار.

# 7 قىتئە ۋە 4 ئوكياننىڭ ئالاھىدىلىگى

يەر شارى 7 قىتئە ۋە 4 ئوكيانغا بۆلۈنىدۇ. بۇ 7 قىتئە ئىچىدە ئاسىيا دۇنيا بويىچە كۆلىمى ئەڭ زور قىتئە ھېساپلىنىدۇ. ئاسىيانىڭ كۆلىمى 44 مىليون كۋادرات كىلو- مېترغا يېقىن بولۇپ، يەر شارىدىكى قۇرۇقلۇقنىڭ 30 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، تۆتتىن ئارتۇق ياۋروپاغا تەڭ كېلىدۇ. ئاسىياغا 30 دىن ئارتۇق دېڭىز ياندىشىپ تۇرىدۇ، دۇنيانىڭ باشقا قىتئەلىرىدە بۇنداق ئەھۋالنى كۆرۈش مۇم- كىن ئەمەس. ئاسىيانىڭ دېڭىز قىرغىقى ئەڭ ئۇزۇن، قۇ- رۇقلۇق ھاۋزىسى ئەڭ كەڭ، تەبىئىي كۆرۈنۈشى ئەڭ مۇ- رەككەپ، ھەرخىل يەر تۈزۈلۈشلىرىنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ، ئۇنىڭدا تاغلار، ئېگىزلىكلەر، ئويمانلىقلار، تۈزلەڭلىكلەر، چوڭ دەريالار ھەمدە دېڭىز قولتۇقى ۋە ئاراللار كۆپ بولۇپ، دۇنيا قىتئەلىرى ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ؛ ئاسىيا قىت- ئەسىدە دۇنيادىكى ئەڭ ئېگىز چوققا — جومولاڭما چوققىسى ۋە دۇنيانىڭ ئوگزىسى — چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكى، ئەڭ پەس ئويمانلىق — ئۆلۈك دېڭىز، ئەڭ چوڭ تاقىم ئارال — مالاي تاقىم ئاراللىرى، ئەڭ چوڭ يېرىم ئارال — ئەرەپ يېرىم ئارىلى بار ھەمدە يەرشارىدىكى 8 مىڭ مېتىردىن ئاشىدى- غان چوققىلار - دۇنيادا بۇنداق چوققىلاردىن 14 ى بولۇپ، ھەممىسى قاراقۇرۇم - ھىمالايا تاغ تىزمىلىرىدا ھەيۋەت



بىلەن قەد كۆتىرىپ تۇرىدۇ — نىڭ ھەممىسى ئاسىيادا. ئاسىيادا كان بايلىقلىرى، ئالايلى، غەربىي ئاسىيادا نېفىت، شەرقىي-جە- نۇبىي ئاسىيادا قەلەي ناھايىتى مول. سۇ بايلىقىمۇ ئىنتايىن كۆپ.

ئافرىقا — دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ قىتئە. ئۇنىڭدا نۇرغۇن ئۆزىگە خاس تەبىئىي مەنزىرىلەر بار. ئافرىقا بىلەن ئاسىيا ئەسلىدە تۇتاش ئىدى، بۇنىڭدىن 100 يىلدىن كۆپ- رەك ۋاقىت ئىلگىرى يەنى 1869 - يىلى سۇۋەيش قا- نىلى ئېچىلغاندىن كېيىن، ئۇنى "بىرلا سۇ" ئايرىۋەتتى. نىس- بەتەن ئېيتقاندا، ئافرىقىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى ئاددىراق، ئومۇمەن ئېيتقاندا، پايانسىز ئېگىزلىككە ئوخشاپ كېتىدۇ. قىتئەلەر ئىچىدە، ئافرىقىنىڭ دېڭىز قىرغىقى ھەممىدىن تۈز. ئافرىقىدا دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ قۇملۇق — سەھرايى كەبىر، يەر شارى قۇرۇقلۇقى بويىچە ئەڭ ئۇزۇن جىلغا — شەرقىي ئافرىقا چوڭ جىلغىسى، دۇنيادىكى ئەڭ ئۇزۇن دەريا — نىل دەرياسى بار. دۇنيا بويىچە ئەڭ كەڭ، ئەڭ ئۇزۇن شاقىر- اتما شۇنىڭدەك دۇنيا بويىچە ئەڭ ئىسسىق جايلارمۇ ئاف- رىقا قۇرۇقلۇقىدا. ئافرىقا "كان مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئەنبا- لىق ساندۇقى" بولۇشقا مۇناسىپ، مەسىلەن، شىمالىي ئاف- رىقىنىڭ نېفىتى بىلەن فوسفاتلىرى، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئالتۇنى بىلەن ئالمىسى، غەربىي ئافرىقىنىڭ ئاليۇمىنى، ئوتتۇرا ئافرىقىنىڭ ئۇرانى...... ۋاھاكازالار دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ.

ياۋروپا — ئەمەلىيەتتە، ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇ- قىدىكى چوڭ يېرىم ئارال، ئۇنىڭ كۆلىمى كىچىك بولسى- مۇ، ئەمما، تەبىئىي كۆرۈنۈشى جەھەتتە باشقا يەرلەرگە ئوخ-

شىمايدىغان نۇرغۇن ئالاھىدىلىككە ئىگە، ئۇنىڭ دېڭىز يا-
قىلىرى تازا ئەگرى-بۈگرى، يېرىم ئاراللار بىلەن ئاراللار
قىتئەنىڭ ئومۇمى كۆلىمىدە ئەڭ چوڭ نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ.
پۈتۈن ياۋروپانىڭ 60 پىرسەنتتىن كۆپرەكى دېڭىز يۈزى-
دىن 200 مېتىرغا يەتمەيدىغان تۈزلەڭلىكلەردىن ئىبارەت
بولۇپ، يەر تۈزۈلۈشى ئەڭ تۆۋەن قىتئە بولۇپ ھېسابلى-
نىدۇ. ياۋروپا ئېكۋاتوردىن نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراق
بولسىمۇ، لېكىن، شىمالىي ئاتلانتىك ئوكياندىكى ئىسسىق
ئېقىمنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرغانلىقتىن، ھاۋاسى خېلىلا
ئىسسىق؛ ئاسىيانىڭ ئوخشاش كەڭلىك گىرادۇستىكى رايون-
لىرىغا سېلىشتۇرغاندا، بۇ ئەھۋال تېخىمۇ گەۋدىلىك كۆرۈ-
نىدۇ. ياۋروپادا دۇنيا بويىچە ئەڭ ئۇزۇن ئىچكى دەريا —
ۋولگا دەرياسى، دۇنيا بويىچە دېڭىز يۈزىدىن تۆۋەن ئەڭ
چوڭ ئويمانلىق — كاسپى دېڭىز ئويمانلىقىنىڭ كۆپ قىسمى
ھەمدە دۇنيا بويىچە ئەڭ كىچىك، ئەڭ تېيىز دېڭىز —
ئازوۋ دېڭىزى بار.

ئوكيانىيىدىكى قۇرۇقلۇقنىڭ كۆلىمى 7 قىتئە ئىچى-
دە ھەممىدىن كىچىك بولسىمۇ، ئەمما ئۇ، ئۇز ئىچىگە ئالغان
دائىرە ناھايىتى چوڭ، ئۇ تىنچ ئوكيان بىلەن ھىندى ئوك-
يانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، ئومۇمەن، تىنچ ئوكياندىكى ئا-
راللارنىڭ كۆپچىلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ئەمما، ئادەت جە-
ھەتتە، ئاۋستىرالىيە بىلەن يېڭى زېلاندىيە، مىكرونېزىيە،
پولىنېزىيە، مېلانېزىيىدىن ئىبارەت تۆت قىسىمنى ئۇز ئىچىگە
ئالىدۇ.

تەبىئىي جۇغراپىيە جەھەتتە، شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسى
بىلەن جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسى جەنۇپ-شىمال بويىچە ئۇدۇل



تۇرىدۇ، ئىككى قىتئە پاناما بويۇنىنى چېگرا قىلىدۇ؛
جۇغراپىيە جەھەتتە، كىشىلەر شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ
جەنۇبىي يېرىمىنى ھەمدە ئۇنىڭغا يېقىن جايلاردىكى ئاراللار-
نى جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسى بىلەن قوشۇپ لاتىن ئامېرىكىسى
دەپ ئاتايدۇ. شىمالىي ئامېرىكىنىڭ غەربىي-شىمالىدا ئالياس-
كا يېرىم ئارىلى بار، ئۇ، بېرىڭ بوغۇزى ئارقىلىق ئاسىيا بىلەن
قارىشىپ تۇرىدۇ، شەرقىي-شىمالىي تەرىپىدە دۇنيا بويىچە
ئەڭ چوڭ ئارال — گرېنلاندىيە ئارىلى بار، ئۇ، گرېنلاندىيە
دېڭىزى بىلەن دانىيە بوغۇزى ئارقىلىق ياۋروپا قىتئەسى
بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ. شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ يەر
تۈزۈلۈشى باشقا قىتئەلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئالاھى-
دىلىككە ئىگە، مەسىلەن، ئاسىيادا تۈزلەڭلىكلەر كۆپىنچە
قۇرۇقلۇقنىڭ تۆت ئەتراپىغا تارقالغان، ئوتتۇرا قىسمىدا چوڭ
تاغ تىزمىلىرى ۋە چوڭ ئېگىزلىكلەر بار. شىمالىي ئامېرى-
كا قىتئەسىدىكى تاغ ۋە ئېگىزلىكلەرنىڭ ھەممىسى شەرق
ۋە غەرب تەرەپلەردە بولۇپ، شەرق تەرىپى ئاتلانتىك ئوك-
يانغا، غەرب تەرىپى تىنچ ئوكيان قىرغىقىغا تاقىشىپ تۇ-
رىدۇ. بولۇپمۇ تىنچ ئوكيان قىرغىقىدىكى ئېگىز تاغ-
لار شىمالدا ئالياسكا يېرىم ئارىلىدىن باشلىنىپ، جە-
نۇپتا تاكى جەنۇبىي ئامېرىكىغىچە تەخمىنەن 10 مىڭ كى-
لومېتىر سوزۇلۇپ، شىمالىي ئامېرىكا كوردىلىېر تاغ سىستې-
مىسى دەپ ئاتىلىدۇ. شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىدە دۇنيا
بويىچە ئەڭ چوڭ تاتلىق سۇ كۆللىرى — سۇپېرىيور كۆلى،
مىچىگان كۆلى، ھۇرون كۆلى، ئېرى كۆلى ۋە ئونتارىيو
كۆلى بار، ئۇلار "شىمالىي ئامېرىكىدىكى 5 چوڭ كۆل"
دەپ ئاتىلىدۇ.



www.uyghurkitap.com

جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىمۇ شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىگە ئوخشاشلا، تىنچ ئوكيان بىلەن ئاتلانتىك ئوكياننىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدۇ، ئەمما، ئۇنىڭ ئومۇمى كۆرۈنۈشى شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىدىن كۆپ ئاددى بولۇپ، ئومۇمەن، ھەر تەرەپلىك ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدە، جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ يەر تۈزۈلۈشىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، غەربىي تەرىپىدە ئۇزۇنلۇغى 9 مىڭ كىلومېتىر كېلىدىغان ھەيۋەتلىك ئاند تاغ تىزمىسى بار، ئۇ، شىمالىي ئامېرىكىدىكى كوردىلىيېر تاغ سىستېمىسىنىڭ داۋامى بولۇپ، قوشۇپ ھېساپلىغاندا، ئىككىسىنىڭ ئۇزۇنلۇغى 20 مىڭ كىلومېتىرغا يېتىدۇ، ئۇ يەر شارى قۇرۇقلۇغىدىكى ئەڭ ئۇزۇن تاغ تىزمىسى. تەبىئى جۇغراپىيە جەھەتتە، جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدە دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىز ئۆچمىگەن ۋولقان — توۋىنگاتو ۋولقانى، دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىز شاقىراتما — ئانگېل شاقىراتمىسى، دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ ئېگىزلىك — برازىلىيە ئېگىزلىگى، دۇنيا بويىچە ئېقىن كۆلىمى ئەڭ كەڭ، ئېقىن مىقدارى ئەڭ زور دەريا — ئامازون دەرياسى ھەمدە دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ تۈزلەڭلىك — ئامازون تۈزلەڭلىگى بار.

ئانتاركتىكا — دۇنيانىڭ ئەڭ جەنۇبىدىكى قۇرۇقلۇق بولۇپ، ئۇنىڭ كۆلىمى ياۋروپانىڭ كۆلىمىدىن 40 پىرسەنت چوڭ. پۈتكۈل ئانتاركتىكا ناھايىتى قېلىن مۇز بىلەن قاپلانغان كەڭ ئېگىزلىكتىن ئىبارەت بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن دېڭىز يۈزىدىن 2 مىڭ 300 نەچچە مېتىر ئېگىز. ئانتاركتىكىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى جەنۇبىي قۇتۇپ چەمبىرى ئىچىدە. تېمپېراتۇرا ئىنتايىن تۆۋەن — يىللىق ئوتتۇرى-



چە تېمپېراتۇرا سەلسىيە نولدىن تۆۋەن 55 — 57 گىرادۇس ئارىلىغىدا بولىدۇ، ئۇ، دۇنيا بويىچە ئەڭ سوغاق قۇرۇقلۇق. ئىلمىي تەكشۈرۈش خادىملىرىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ئانتاركتىكا دۇنيا بويىچە بىردىن-بىر ئولتۇراقلىق ئاھالە يوق قۇرۇقلۇق.

دۇنيادا 4 چوڭ ئوكيان بار. بۇ 4 ئوكيان ئىچىدە تىنچ ئوكيان ھەممىدىن چوڭ، ئۇنىڭ كۆلىمى 180 مىليون كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، قالغان 3 چوڭ ئوكياننىڭ ئومۇمى كۆلىمىگە باراۋەر كېلىدۇ، يەر شارىدىكى بارلىق قۇرۇقلۇقلارنى قوشقاندىمۇ، يەنە 20 پىرسەنت چوڭ. تىنچ ئوكيان كەڭ بولۇش بىلەنلا قالماي ھەم چوڭقۇر، ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇغى 4 مىڭ مېتىر كېلىدۇ، ئەڭ چوڭقۇر يېرى فىلىپپىننىڭ شەرقىي قىسمىدىكى مارىيان چوكمىسى بولۇپ، چوڭقۇرلۇغى 11 مىڭ 22 مېتىر كېلىدۇ. تىنچ ئوكيان — دۇنيادىكى ئەڭ ئىسسىق، شۇنداقلا، سۇ مىقدارى ئەڭ كۆپ ئوكيان ھېساپلىنىدۇ. يەر شارىدىكى سۇنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى تىنچ ئوكيانغا يىغىلغان. ئۇ شۇنداقلا ئارال ھەممىدىن كۆپ ئوكيان بولۇپ، ئاراللارنىڭ كۆلىمى پۈتۈن دۇنيادىكى ئاراللار ئومۇمى كۆلىمىنىڭ 45 پىرسەنتچىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. تىنچ ئوكيان بويلىرىدىكى دېڭىزلارمۇ ئەڭ كۆپ بولۇپ، چوڭ-كىچىك 20 دېڭىز بار، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاۋسترالىيىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى مارجان دېڭىزى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ دېڭىزلاردىن بىرى ھېساپلىنىدۇ.

ئاتلانتىك ئوكياننىڭ كۆلىمى 93 مىليون كۋادرات كىلومېتىردىن كۆپرەك بولۇپ، تىنچ ئوكياننىڭ يېرىمىدەكلا كېلىدۇ، ئەمما ئۇ، يەنىلا ئاسىيا، ياۋروپا، ئافرىقا قىتئەلى-

رىنىڭ يېغىندىسىدىن كەڭ. ئاتلانتىك ئوكيان سۇيىنىڭ ھەركىتىدە، دۇنياغا مەشھۇر مېكسىكا قولتۇغى ئېقىمى ھەممىدىن بەك دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ، ئۇ، ناھايىتى زور ئوكيان ئېقىمى بولۇپ، مېكسىكا قولتۇغىدىن ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ كەڭ يۈزىنى كېسىپ ئۆتۈپ، شىمالىي مۇز ئوكيانىغا ئۇرۇلىدۇ، ئۇ، ئوكيان سۇچىلىق ئىلمى، ئوكيان ھاۋارايى، ئوكيان بىولوگىيىسى ھەمدە ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى قۇرۇقلۇقنىڭ ھاۋارايى شارائىتىغا ۋە ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىگە غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ھىندى ئوكيانىنىڭ كۆلىمى 75 مىليون كۇۋادرات كىلومېتىرغا يېقىن بولۇپ، كۆپ قىسمى ئىسسىق بەلۋاغدا بولغاچقا، ئاتلانتىك ئوكياندىن ئىسسىق. ھىندى ئوكياندا ئارال‌لار ۋە دېڭىزلار ناھايىتى ئاز، پۈتۈن ئوكيان شەرقىي يېرىم شارغا جايلاشقان، بۇمۇ ئۇنىڭ باشقا ئۈچ ئوكيانغا ئوخشىمايدىغان يېرى.

شىمالىي مۇز ئوكيان — دۇنيادىكى 4 چوڭ ئوكياننىڭ ئەڭ كىچىكى بولۇپ، كۆلىمى 13 مىليون كۇۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدا كەڭ كەتكەن قۇرۇقلۇق ھاۋزىلىرى بار، قۇرۇقلۇق ھاۋزىلىرى بۇ ئوكيان كۆلىمىنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلىدۇ. شىمالىي مۇز ئوكيانىنىڭ گىرادۇسى تۆۋەن، پارغا ئايلىنىشى ئاز، شۇڭا ئۇ، شور تەركىۋى ئەڭ ئاز ئوكيان ھېساپلىنىدۇ.



## مۇز-قارلىق قۇرۇقلۇق — ئانتاركتىكا

يەر شارىنىڭ ئەڭ جەنۇبىدا ئانتاركتىكا دەپ ئاتىلىدىغان بىر مۇز-قارلىق قۇرۇقلۇق بار. ئۇنىڭ كۆلىمى 14 مىليون كۇۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، ياۋروپانىڭ كۆلىمىدىنمۇ ياكى ئاتلانتىك ئوكياننىڭ كۆلىمىدىنمۇ چوڭ. ئانتاركتىكىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئېگىزرەك، ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن دېڭىز يۈزىدىن 2300 نەچچە مېتىر ئېگىز، يەر شارىدىكى باشقا 6 قىتئەنىڭ ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكىدىنمۇ 1500 مېتىر ئېگىز.

ئانتاركتىكىنىڭ تۆت ئەتراپىدا تىنچ ئوكيان، ئاتلانتىك ئوكيان ۋە ھىندى ئوكيان يالىداپ تۇرىدۇ. ئانتاركتىكا باشقا قۇرۇقلۇقلاردىن ناھايىتى يىراق، غەرپتىكى جەنۇبىي قۇتۇپ يېرىم ئارىلى جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىگە يېقىن دېيىلگەندىمۇ، ئارىلىقى يەنىلا 960 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئانتاركتىكا ئىنسانلار ئەڭ كېيىن تاپقان قۇرۇقلۇق.

ئانتاركتىكا — ئاپپاق مۇز-قارلار بىلەن قاپلانغان قۇرۇقلۇق بولۇپ، پۈتۈن قىتئەنىڭ 93 پىرسەنتىنى مۇز-قارلار قاپلاپ تۇرىدۇ، پەقەت ئازغىنا قارا تاغ چوققىلىرىلا كۆمۈشتەك مۇز ئۈستىدە چوقچىيىپ تۇرىدۇ، قالغان ئېپتىدائىي، ئېگىز-پەس يەرلەرنىڭ ھەممىسى ناھايىتى قېلىن مۇز ئاستىدا ياتىدۇ. ھىندى ئوكيانغا يېقىن، ئاتلانتىك ئوكيانغا ياندىشىپ تۇرىدىغان بىپايان قۇرۇقلۇق — جەنۇبىي



www.uyghurkitap.com

قۇتۇپ دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ، بىر پارچە قەدىمىي قۇرۇقلۇقتۇر. بۇلار ئىچىدە، جەنۇبىي قۇتۇپنىڭ ئەڭ چېتىدىكى ئىپتىدائىي يەرلەر دېڭىز يۈزىدىن ئاران نەچچە، ئون مېتىرلا ئېگىز، ئۇنىڭ ئۈستىنى 2740 مېتىر قېلىنلىقتىكى مۇز قاتلىمى قاپلاپ تۇرغانلىقتىن، ئۇنى دېڭىز يۈزىدىن 2800 مېتىر ئېگىز قىلىپ قويغان. تىنچ ئوكيانغا ياندىشىپ تۇرىدىغان قۇرۇقلۇق غەربىي-جەنۇبىي قۇتۇپ دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ يەردە جەنۇبىي قۇتۇپ ئاند تاغ تىزمىسى دەپ ئاتىلىدىغان بىر قاتار ئېرماش-چىرماش تاغ تىزمىلىرى بار. مارى بېردتىكى نامسىز تاغ دېڭىز يۈزىدىن 6100 مېتىر ئېگىز بولۇپ، ئانتاركتىكىدىكى ئەڭ ئېگىز چوققا ھېسابلىنىدۇ.

جەنۇبىي قۇتۇپ قۇرۇقلۇغىدىكى مۇزنىڭ قېلىنلىقى ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 2000 مېتىردىن ئاشىدۇ، ئەڭ قېلىن جايلاردا 4200 مېتىرغا يېتىدۇ، بۇ يەرگە يەر شارىدىكى مۇزلارنىڭ 85 پىرسەنتى يىغىلغان بولۇپ، ئىسمىغا لايىق "مۇز ئامبىرى" غا ئايلانغان. ھېساپلاشلارغا قارىغاندا، بۇ يەردىكى مۇزلارنىڭ ھەممىسى ئېرىسە، دۇنيادىكى ئوكيانلارنىڭ سۈيى 70 مېتىر كۆتۈرۈلىدىكەن، ئۇنداقتا، پۈتۈن دۇنيادىكى دېڭىز بويىغا جايلاشقان مۇنبەت تۈزلەڭلىكلەر بىلەن شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى چۆكۈپ كېتىدۇ.

جەنۇبىي قۇتۇپ قۇرۇقلۇغىدىكى مۇزلارنىڭ ئېگىز-پەسلىكى بىر خىل ئەمەس. مۇز قاتلىمى قۇرۇقلۇق لېۋىگە ئېقىپ كەلگەندە، ھەمىشە ئېگىز مۇز چوققىلىرى ھاسىل بولىدۇ ياكى دېڭىزغا كۆچكەندە بىپايان كۆك مۇز قۇرۇقلۇغى ھاسىل بولىدۇ. بۇلار ئىچىدە ئەڭ مەشھۇرى روسا كۆك



مۇز قۇرۇقلۇغى بولۇپ، كۆلىمى 500 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، مەملىكىتىمىزنىڭ سىچۈەن ئۆلكىسى بىلەن تەڭ دېگۈدەك كېلىدۇ.

جەنۇبىي قۇتۇپتىكى مۇز مەنبەسىدىن ھەر يىلى تەخمىنەن 1400 مىليارت توننا مۇز دېڭىزغا ئېقىپ، ئەتراپتىكى دېڭىز يۈزىدە لەيلەپ يۈرىدىغان نۇرغۇن مۇز تاغلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ، مۇز تاغلارنىڭ ئەڭ ئۇزۇنلىرى 160 كىلومېتىرغا يېتىدۇ، بۇ مۇز تاغلار ۋە مۇز داۋانلار دېڭىز قاتنىشى ۋە قۇرۇقلۇقتا چېقىشقا ناھايىتى زور تەھدىت سېلىپ تۇرىدۇ.

جەنۇبىي قۇتۇپ گەرچە مۇز بىلەن قاپلانغان دۇنيا بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەردە نۇرغۇن سەلتەنەتلىك يانار تاغلار بار. ۋىكتورىيە ئەتراپىدىكى جەنۇبىي قۇتۇپنى كېسىپ ئۆتكەن تاغ تىزمىلىرى بىلەن ئارالدىكى يانار تاغلار ئەڭ كۆركەم بولۇپ، بۇ يەر دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ يانار تاغ تۆپىلىرىدىن بىرى ھېساپلىنىدۇ. نۇرغۇن ئۆچمىگەن يانار تاغلار پەلەككە يەتكەن ئوت يالقۇنلىرىنى پۈركۈپ تۇرىدۇ، بۇنىڭغا يانار تاغ رايونىدىكى ئارىلاپ ئېتىلىپ تۇرىدىغان سەلتەنەتلىك بۇلاق ۋە ئاپپاق مەرۋايىتتەك مۇزلارنىڭ كۆلەڭگىلىرى قوشۇلۇپ، ئاجايىپ تەبىئىي مەنزىرىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن. بۇلار ئىچىدە روسا ئارىلىدىكى ئېرىبۇس يانار تېغى ئانتاركتىكىدىكى ئەڭ چوڭ ئۆچمىگەن يانار تاغ بولۇپ، ھېلىھەم قىزىق گاز پۈركۈپ تۇرىدۇ.

ئانتاركتىكا يەر شارىنىڭ يەنە بىر چېتىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ يەردىكى يۇلتۇزلۇق ئاسمان بىز تۇرغان شىمالىي يېرىم شارىدىكىگە تامامەن ئوخشىمايدۇ، ئۇ يەردە تۆمۈر قوزۇق بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى شىمال يۇلتۇزلىرىنى يىل

بويى كورگىلى بولمايدۇ. سىز جەنۇبىي قۇتۇپنىڭ ئەڭ چېتىدە تۇرۇپ قارىسىڭىز، بېشىڭىزنىڭ ئۈدۈلىدا غۇۋا تۇرغان بىر تۇرغۇن يۇلتۇزنى، باشقا بارلىق يۇلتۇزلارنىڭ ئۇنىڭ چۆرىسىدە تەتۈر سائەت تىلى يۆنىلىشى بويىچە ئايلىنىۋاتقانلىقىنى كورىسىز، بۇ تۇرغۇن يۇلتۇز "جەنۇبىي قۇتۇپ يۇلتۇزى"نىڭ دەل ئۆزى.

ئانتاركتىكىدىكى قۇياش ھەركىتىگە قارىسىڭىز، بىر تۇرغان شىمالىي يېرىم شارىدىكىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. ھەر يىلى كۈزدە كۈن-تۈن توختىغان كۈنى جەنۇبىي قۇتۇپنىڭ چېتىدە قۇياشنىڭ شىمالىي ئۇپۇق سىزىقىدا ئايلىنىۋاتقانلىقىنى كورگىلى بولىدۇ، كۈزدە كۈن-تۈن توختىغاندىن كېيىن، جەنۇبىي قۇتۇپتا ئۇزاققا سوزۇلغان جەنۇبىي قۇتۇپ كۈندۈزى باشلىنىدۇ، يەنى كۈندۈزلا بولىدۇ، كېچە بولمايدۇ. قۇياش ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ تەتۈر سائەت تىلى يۆنىلىشى بويىچە ئايلىنىدۇ، ئايلانغانسېرى يۇقىرى ئۆرلەپ، قىشلىق كۈن-تۈن توختىغان كۈنى ئەڭ يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ، شۇندىن كېيىن، قۇياش ئايلانغانسېرى تۆۋەنلەپ، ئەتىيازدا كۈن توختىغان كۈنى ئۇپۇق سىزىقىدىن تۆۋەنلەشكە باشلايدۇ. جەنۇبىي قۇتۇپتا ئەنە شۇ كۈندىن ئېتىۋارەن ئۇزاققا سوزۇلغان جەنۇبىي قۇتۇپ كېچىسى باشلىنىدۇ، يەنى كېچىلا بولىدۇ، كۈندۈز بولمايدۇ.

قۇياش ھەركىتى پەيدا قىلغان نۇرغۇن يۇقىرى ئېنېرگىيىلىك زەررە يەر شارىدىكى ماگنىت قۇتۇبىغا كىرىش ئارقىسىدا، ماگنىت قۇتۇبى بوشلۇقىدىكى ھاۋا قاتتىق تەسىرگە ئۇچراپ، رەڭگا-رەڭ، تىنىماي ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان نۇرنى پەيدا قىلىدۇ، بۇ نۇر قۇتۇپ نۇرى دېيىلىدۇ. كوزنى



www.uyghurkitap.com

چاقنىتىدىغان بۇ نۇر پات-پات جىمجىت جەنۇبىي قۇتۇپ كېچىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، قاتتىق سوغاق مۇز تۇزلەڭلىكلىرىنى يورۇتۇپ تۇرىدۇ، قۇتۇپ نۇرى بەزىدە پاتلا ئۆچۈپ، بەزىدە بىرنەچچە كۈن داۋاملىشىدۇ، بەزىدە گېزىت، كىتاپ ئوقۇغىدەك دەرىجىدە يورۇق بولىدۇ.

جەنۇبىي قۇتۇپنىڭ ھاۋا كىلىماتى شىمالىي قۇتۇپنىڭكىدىنمۇ سوغاق، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا سىلسىيە نولدىن تۆۋەن 25 گىرادۇس ئەتراپىدا بولىدۇ. ئۇزاقتىن-ئۇزاق جەنۇبىي قۇتۇپ كېچىسىدە، تېمپېراتۇرا ئومۇمەن نولدىن تۆۋەن 50 — 60 گىرادۇس بولىدۇ، بەزى جايلاردا ھەتتا 90 گىرادۇستىن ئاشىدۇ، دېمەك، يەر شارى بويىچە ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا ھېساپلىنىدۇ. ئەمما، مۇشۇ جۇدۇنلۇق مۇز-قار ئالىمىدىكى جەنۇبىي قۇتۇپ قۇرۇقلۇقىنىڭ چېتىدە، كىچىك-كىچىك "بوستانلىق"لار بولۇپ، ئۇ يەردىكى كوللەردە مۇز توڭمايدۇ، "بوستانلىق"تا ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 12 گىرادۇستىن ئاشىدۇ، كولدە بېلىقلار بىلەن تيۇلېنلار ئۈزۈپ يۈرىدۇ؛ ئاشۇنداق مۇز-قار ئىچىدىمۇ دېڭىز يوسۇنلىرى كۆپىيىپ، قار دۆۋىلىرىنى قىزىل، سېرىق، يېشىل رەڭلەر بىلەن بېزەپ تۇرىدۇ. بۇمۇ جەنۇبىي قۇتۇپنىڭ كارامەتلىرى ھېساپلىنىدۇ.

ئانتاركتىكا — يەر شارىدىكى بوران-چاپقۇن ئەڭ كۆپ، شامال كۈچى ئەڭ قاتتىق رايون، بولۇپمۇ ئادېردا يىل بويى دىگۇدەك ئىزغىرىن شامال چىقىپ تۇرىدۇ، شامال كۈچى ئومۇمەن 10 بالدىن ئاشىدۇ، شامالنىڭ ئەڭ تېز سۈرئىتى سېكۇنتىغا 100 مېتىرغا يېتىدۇ، ئۇ يەرنىڭ "دۇنيادىكى شاماللىق قۇتۇپ" دېگەن نامى بار. غەزەپلەنگەن بوران-

چاپقۇن ھەمىشە يەر-جاھاننى قاپلىغان مۇز نوكچىلار، قار كومۇلاچلىرىنى ئۇچۇرتۇپ، مۇز دالاسىدىكى تاغ چوققىلىرىنى يالاپ، ئاجايىپ يەر تۈزۈلۈشلىرىنى پەيدا قىلغان. ئەگەر، بۇ يەرگە داتلىشىپ كەتكەن زەنجىرنى تاشلاپ قويسىڭىز، شامال ئۇنى يالاپ، ئىككى كۈنگە قالماي پاقىرايدىغان قىلىۋېتىدۇ.

قاتتىق سوغاق شارائىت جەنۇبىي قۇتۇپ قۇرۇقلۇغىنى ئۆسۈملۈكلەرگە كەمبەغەل قىلىپ قويغان. ئۆسۈملۈك جەھەتتە، قۇرۇقلۇقنىڭ چەت-ياقىلىرىدا تۆۋەن دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلەردىن پەقەت موخ، ياماشقاقلا بار، بەزى ئاراللاردا ئىككى خىل ئۇچۇق گۈللۈك ئۆسۈملۈك بار، ئەمما، ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر يوق. بىراق، قۇرۇقلۇق ياقىلىرىدا، بولۇپمۇ قۇرۇقلۇققا يېقىن دېڭىزلاردا ئىنتايىن مول ھايۋانات بايلىقى بار. ئۇزاقتىن-ئۇزاق جەنۇبىي قۇتۇپ كۈندۈزى يېتىپ كەلگەن چاغلاردا، ئوكياندىكى نۇرغۇن مۇز قاتلاملىرى ئۈزلۈكسىز ئېرىيدۇ، ئوكياندىكى بېغىررەڭ يوسۇن قاتلاملار تېزدىن كۆپىيىپ، سۇنى قىزارتىدۇ. دېڭىزدا بېغىررەڭ يوسۇنلارنى ئوزۇق قىلىدىغان جەنۇبىي قۇتۇپ راكى ۋە بېلىقلار تېزلا جانلىنىپ كېتىدۇ، ئاقسىل ماددىسى مول بولغان راكنىڭ كۆپلۈگى بولۇپمۇ كىشىنى راستلا ھەيران قالدۇرىدۇ. مۆلچەرلىنىشىچە، جەنۇبىي قۇتۇپتا نەچچە يۈز مىليون توننىدىن نەچچە مىليارت تونىغىچە راك بار ئىكەن، ئەگەر بۇ راكلار كەڭ كۆلەمدە تۇتۇلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى ھەتتا ھازىر دۇنيادا تۇتۇلۇۋاتقان بېلىقلارنىڭ يىغىندىسىدىنمۇ ئېشىپ كېتىدۇ.



راك كۆپلەپ كۆپەيگەنلىكتىن، نۇرغۇن دېڭىز ھايۋانلىرى، دېڭىز قۇشلىرى مول ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىن ئېتىلمەكتە. جەنۇبىي قۇتۇپ ئەتراپىدىكى دېڭىزلاردا نىل كىت، ياپىلاق كىت، دۈمچەك كىت قاتارلىق 20 خىلدىن ئارتۇق كىتلار ياشايدۇ، دېڭىز ۋە ئاراللاردا نۇرغۇن تيۇلېن، دېڭىز پىلى ياشايدۇ. قۇرۇقلۇق چېتى ۋە ئاراللاردا 30 خىلدىن ئارتۇق قۇش ئۇۋىلايدۇ. بۇ يەر دۇنيا بويىچە ئەڭ مۇھىم كىت تۇتۇش رايونى بولۇپ، تۇتۇلغان كىتلار دۇنيا بويىچە تۇتۇلىدىغان كىتلارنىڭ 70 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، كىت تۇتىدىغان پەسىللەرنىڭ بىرىدە 46 مىڭ كىت تۇتۇلغان. نىل كىت دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ ھايۋان بولۇپ، ئۇنىڭ ئېغىرلىقى 150 تونىغا كېلىدۇ. بۇيەردە تيۇلېن، دېڭىز پىلى ناھايىتى كۆپ، كېگلون ئارىلىنىڭ ئۆزىدىلا 200 مىڭ تيۇلېن بارلىقى مەلۇم بولغان.

پىنگۋىن — توپ بولۇپ ياشايدىغان قۇشلاردىن بىرى، نەچچە مىڭى، نەچچە ئون مىڭى بىر توپ بولۇپ ياشايدۇ. جەنۇبىي قۇتۇپ كۈندۈزى يېتىپ كەلگەن چاغلاردا، نۇرغۇن قۇشلار ئوكيانلاردىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ بۇ يەرگە كېلىدۇ، ئانتاركتىكا ئەتراپىدىكى ئاراللار مىغ-مىغ "قۇش بازىرى"غا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

ئۇزاققا سوزۇلىدىغان جەنۇبىي قۇتۇپ كېچىسى يېتىپ كەلگەن چاغلاردا، جەنۇبىي قۇتۇپقا يېقىن دېڭىزلاردىكى بىپايان مۇزلۇقتا، يوسۇن ۋە راكلار كۆپلەپ ئۆلىدۇ ياكى دېڭىز ئاستىغا چۆكۈپ كېتىدۇ. كىتلار ۋە قۇشلارنىڭ كۆپ قىسمى توختىماي شىمالغا قاراپ كۆچىدۇ، ئانتاركتىكىنى ماكان قىلغان ئۇششاق ئادېر پىنگۋىنلىرى بىلەن چوڭ ئۇ-

ئىددىل تىيۇلىنلىرى قۇرۇقلۇق لېۋىدە ياكى ئاراللاردىكى لەيلىمە مۇزلار ئۈستىدە قىشلايدۇ؛ پەقەت تىپىنگۋىن دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل پىنگۋىنلا باشقا قۇشلارغا ئوخشىمايدۇ، ئۇلار توپ-توپ بولۇپ، غەزەپلىك سوغاق شامالغا قارشى ھالدا، دېڭىزلاردىن قەدەممۇ-قەدەم دەھشەت سوغاق مۇز قۇرۇقلۇققا قاراپ مېڭىپ، بىر ئاي ئەتراپىدا 80 كىلومېتىردىن 130 كىلومېتىرغىچە بولغان مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ، مۇزلۇقتىكى قەدىناس ماكانىدا ئەۋلات كۆپەيتىدۇ.

ئانتاركتىكىدا ئىنتايىن مول كان بايلىقلىرى بار. دەسلەپكى تەكشۈرۈشلەردىن قارىغاندا، جەنۇبىي قۇتۇپنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن تاغ تىزمىلىرىدا مول كۆمۈر بايلىقى بار ئىكەن، بۇلار ئىچىدىكى چوڭ بىر كۆمۈرلۈكنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 1 مىليون كۋادرات كىلومېتىر، كۆمۈر قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقى 6 مېتىردىن 9 مېتىرغىچە بولۇپ، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ كۆمۈرلۈكلەردىن بىرى ئىكەن. بۇ كۆمۈرلۈكنىڭ بىر قىسمى ئېچىلىپ قالغان بولۇپ، كۆمۈرى ھەم قاتتىق، ھەم پاقىراپ تۇرىدىكەن. بۇ كۆمۈر قاتلىمىدا نۇرغۇن ئوتتۇرا ھايات دەۋرىدىكى تومۇر دەرەخ، قىرىق قۇلاق ئۆسۈملۈك ۋە قارىغاي قاتارلىق غوللۇق دەرەخلەردىن تاشقا ئايلانغان ئەۋرىشكىلەرمۇ تېپىلغان، بۇ ھال، ئانتاركتىكىنىڭ ئوتتۇرا ھايات دەۋرىدە ئاق قار، كۆك مۇزلۇق ئەمەس، بەلكى تىنچ-نەمخۇش، قېلىن ئورمانلىق دۇنيا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئانتاركتىكىدا تۆمۈر رۇدىلىرى تېخىمۇ مول، شاھزادە چارلىز تاغ تىزمىسىدا دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ تۆمۈركېنى بولۇپ، رۇدا قاتلىمى 100 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 120 كىلو-



www.uyghurkitap.com

مېتىر كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە رۇدىنىڭ سۈپىتى ناھايىتى يۇقۇرى. بۇنىڭ سىرتىدا، ئانتاركتىكىدا كۈمۈش، ئالتۇن، مانگان، مولىبدېن، مىس، نىكېل، كوبالت رۇدىلىرى ۋە گۈڭگۈرت كانلىرىمۇ بار. پەرەزلەرگە ئاساسلانغاندا، ئانتاركتىكىدا مول نېفىت ۋە ئۇران، تورىي، پلۇتونىي قاتارلىق رادىيو ئاكتىپلىق كان زاپاسلىرىمۇ بار ئىكەن.

ئانتاركتىكا — يەر شارىدىكى بىردىن-بىر ئادەمسىز قۇرۇقلۇق بولۇپ، ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بېرى ئىنتايىن سىرلىق جاي بولۇپ قالغان، ئىنسانلارنىڭ ئانتاركتىكىنى تېپىش تارىخى ناھايىتى قىسقا، تەخمىنەن 150 يىللا بولدى. بۇ مەزگىلدە ئىلگىرى-ئاخىر نۇرغۇن دۆلەتلەر جەنۇبىي قۇتۇپ قۇرۇقلۇقىغا ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنى ئەۋەتىپ، ئىلمىي تەكشۈرۈش پونكىتلىرىنى قۇردى. ھازىر ئانتاركتىكىدا 40 تىن ئارتۇق ئىلمىي تەكشۈرۈش پونكىتى بار. ئانتاركتىكىدا ھازىرغىچە ئىنسان قەدىمى يەتمىگەن بىرمۇنچە جايلار بار.

# شىمالىي قۇتۇپ
# — ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم جاي ۋە بايلىق غەزنىسى

كۆز يەتمەيدىغان مۇزلۇق، ئاپپاق قارلىق، ئىنسان قەدىمى كەمدىن-كەم يېتىدىغان شىمالىي قۇتۇپ رايونى ئۆزىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ۋە مول بايلىقى بىلەن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكا زومىگەرلىك ھوقۇقى تالىشىدىغان مۇھىم سورۇنغا ئايلىنىپ قالدى.

شىمالىي قۇتۇپ رايونى — شىمالىي قۇتۇپ چەمبىرىنى يەنى شىمالىي كەڭلىكى 66 گىرادۇس/33 مىنۇتنىڭ شىمالىدىكى جايلارنى كۆرسىتىدۇ. گلوبۇستىن قارىغاندا، ئۇ شارنىڭ ئەڭ يۇقىرى تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ ۋە دۈگىلەك قاپقاققا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 21 مىليون كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئالاھىزەل، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەر كۆلىمىگە تەڭ كېلىدۇ. شىمالىي مۇز ئوكيانىنىڭ كۆپ قىسمىنى ۋە ئۇنىڭ قىرغىقىدىكى ئاسىيا، ياۋروپا، شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسى قۇرۇقلۇقى ۋە ئاراللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، دېڭىز-ئوكيان كۆلىمى 13 مىليون كۋادرات كىلومېتىر، قۇرۇقلۇق كۆلىمى تەخمىنەن 8 مىل-



يون كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يەردە يىل بويى مۇز تۇتمايدىغان دېڭىز (مەسىلەن، نورۋېگىيە دېڭىزىنىڭ ھەممىسى ۋە بارېنتس دېڭىزىنىڭ غەربىي-جەنۇبىي قىسمى) بار، يىل بويى مۇز توڭلاپ تۇرىدىغان "ئېردەمەس مۇزلۇق رايون"مۇ بار، قار-مۇز بىلەن قاپلانغان سان-ساناقسىز ئاراللار ۋە لەيلىمە مۇزلار بىلەن مۇز تاغلار، مۇز ئاراللارمۇ بار.

## مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورنى

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىمالىدىكى موسكۋا، لېنىنگرادتىن ئامېرىكىنىڭ شەرقىي-شىمالىدىكى ۋاشىنگتون، نيۇيوركقا شىمالىي قۇتۇپنى توغرا كېسىپ ئۆتكەندە، ئارىلىقى ناھايىتى يېقىن بولۇپ، 6 مىڭ 750 كىلومېتىرلا كېلىدۇ، غەربىي ياۋروپا ۋە ئاتلانتىك ئوكيان دېڭىز يولىدىن 2 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇقراق يېقىن. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا يادرو ئۇرۇشى بولۇپ قالسا، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قىتئەلەر ئارا باشقۇرۇلىدىغان بومبىسى شىمالىي قۇتۇپ ھاۋا بوشلۇقىدىن ئۆتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئىككى دۆلەت شىمالىي قۇتۇپ رايونىدىكى قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىز بويلىرىدا قارشى تەرەپكە قارىتىلغان، جۈملىدىن، يادرو قوراللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن ھەربىي بازىلارنى قۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قارشى تەرەپنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن، ھەر ئىككىلىسى بۇ يەردە "ھاۋا ھۇجۇمى ۋە باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ ھۇجۇمىدىن كەڭ كۆلەمدە مۇداپىئە كۆرۈپ بالدۇر سىگنال

www.uyghurkitap.com

بېرىش، يەنى يۇقۇرى دەرىجىدە ئەسكەرتىپ تۇرىدىغان رادار تورلىرى، تۇسۇپ زەربە بەرگەندە ئىشلىتىلىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا، ئۇرۇش ئايروپىلانلىرى ۋە يۇقۇرى ھاۋا بوشلۇقىدا رازۋېتكا قىلىدىغان سۇنئى ھەمرا سىستېمىلىرىنى قۇردى.

شىمالىي قۇتۇپ رايونى شۇنداقلا يادرو بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان، ئوق يولى بويىچە باشقۇرۇلىدىغان بومبا بېكىتىلگەن سۇ ئاستى پاراخوتلىرىنىڭ مۇھىم بازىسى. شىمالىي قۇتۇپ كولىمىنىڭ 60 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدىغان شىمالىي مۇز ئوكيانىنىڭ 80 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى قىش ۋە باھاردا بىر يېرىم مېتىردىن 4 مېتىرغىچە قېلىنلىقتىكى مۇز يېپىپ تۇرىدۇ، ياز ئوتتۇرىلىرىدىمۇ ئوكيانىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىدە مۇز ئېرىمەيدۇ. دېمەك، ئۇ يەر سۇ ئۈستى پاراخوتلارنىڭ ھەرىكەت قىلىشىغا تولىمۇ ئەپسىز، ئەمما، سۇ ئاستى پاراخوتلار، بولۇپمۇ يادرو سۇ ئاستى پاراخوتلىرىنىڭ ھەرىكەت قىلىشىغا تولىمۇ ئەپلىك.

بۇنداق يادرو بومبا بېشى بېكىتىلگەن يادرو سۇ ئاستى پاراخوتلىرى ئۇزاققىچە دېڭىز ئاستىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشىنىڭ ئۈستىگە، ئۇنى ناھايىتى قېلىن مۇزلار يەنى لەيلىمە مۇزلار يېپىپ تۇرغانلىقتىن، ھاۋادىكى ئايروپىلانلار ۋە رازۋېتكا سۇنئى ھەمرالىرى ئاسانلىقچە كۆرەلمەيدۇ؛ بەلكى دائىم لەيلەپ يۈرىدىغان مۇزلار تىڭشىغۇچى ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئىز قوغلىشىغا پايدىسىز. دېمەك، شىمالىي مۇز ئوكياندا سۇ ئاستى پاراخوتلارنى نازارەت قىلىش ۋە تىڭشاش، باشقا دېڭىزلارغا قارىغاندا خېلى خوپ قىيىن.

70-يىللاردىن بۇيان، شىمالىي مۇز ئوكيان سوۋېت-



ئامېرىكا يادرو سۇ ئاستى پاراخوتلىرى ھەركەت قىلىدىغان مۇھىم دېڭىزغا ئايلىنىپ قالدى. بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى يادرو سۇ ئاستى پاراخوتلىرىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ۋە ئىستراتېگىيىلىك سۇ ئاستى پاراخوتلىرىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى بارېنتس دېڭىزىنىڭ بويىدىكى كولا يېرىم ئارىلىغا توپلاپ، ھۇجۇم قىلىش ھالىتىدە دېۋەيلەپ تۇرماقتا.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياۋروپا-ئاسىيا قىسمىدىكى دېڭىز يولىدىن ئالغاندا، شىمالىي مۇز ئوكيانىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ قىرغىقىدىكى شىمالىي دېڭىز يولىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. مورمانسكى ياكى ئارخانگېلىسكىدىن بېرىڭ بوغىزى ئارقىلىق ۋلادىۋوستوكقىچە بولغان ئارىلىق ئاتلانتىك ئوكيان بىلەن تىنچ ئوكيانىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياۋروپا-ئاسىيا قىسمىنى تۇتاشتۇرىدىغان ئۇدۇل دېڭىز يولى ھېساپلىنىدۇ. مەسىلەن، لېنىنگرادتىن ۋلادىۋوستوكقا شىمالىي دېڭىز يولى بىلەن ماڭسا، 14 مىڭ 280 كىلومېتىر، ئاتلانتىك ئوكيان — ئوتتۇرا دېڭىز — سۇۋەيش قانىلى — ھىندى ئوكيان — تىنچ ئوكيان دېڭىز يولى بىلەن ماڭسا، 23 مىڭ 200 كىلومېتىر (ئەگەر ياخشى ئۈمىت تۇمشۇقى بىلەن ئايلىنىپ ماڭسا، 29 مىڭ 400 كىلومېتىر) كېلىدۇ. بۇ شىمالىي دېڭىز يولى — سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىمال پاراخوت ئەترىدى، بالتىق دېڭىزى پاراخوت ئەترىدى (كېڭەيتىپ قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئاق دېڭىز — بالتىق دېڭىز كانىلى ئارقىلىق شىمالىي مۇز ئوكيانغا كىرىدۇ، 5 مىڭ 200 توننىلىقتىن تۆۋەن كېمىلەر قاتنىيالايدۇ) نىڭ تىنچ ئوكيان پاراخوت ئەترىدى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم قاتناش يولى

ھېساپلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئۇرۇش مەزگىللىرىدە، بۇ ئۈچ دېڭىز ئارمىيە پاراخوت ئەتىردى باشقا مەملىكەتلەر تىزگىنلەپ تۇرغان مۇھىم بوغازلاردىن ئۆتمەيلا سوۋېت ئىتتىپاقى قۇرۇقلۇقىنى بويلاپ سوزۇلغان مۇشۇ دېڭىز يولى ئارقىلىق ئاتلانتىك ئوكيان بىلەن تىنچ ئوكيان ئارىلىقىدا ئۆزئارا ماسلىشىپ، بىر بىرىگە ياردەم بېرىپ قاتناۋېرىدۇ، بۇ ھال ئۇلارنىڭ ئىستراتېگىيىلىك جانلىقلىقىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى قۇرۇقلۇق قاتنىشى ئىنتايىن قولايسىز بولغان سىبىرىيىنىڭ شىمالىي قىسمى بىلەن شەرقىي-شىمالىي قىسمى ئۈچۈن ئېيتقاندا، شىمالىي دېڭىز يولى بۇ يەرلەردىكى مول كان مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئورمان بايلىقلىرىنى ئېچىشتىكى مۇھىم تەمىنات يولى ۋە مەھسۇلاتلارنى توشۇش يولى بولۇپمۇ ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى 70-يىللاردىن بۇيان يادرو مۇز يارغۇچى پاراخوتلارنى (ھازىر "لېنىن" ناملىق، "شىمالىي قۇتۇپ" ناملىق ۋە "سىبىرىيە" ناملىق ئۈچ پاراخودى پۈتتى) ۋە سۈنئىي ھەمرا ئارقىلىق يول كۆرسىتىش تېخنىكىسىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ھازىرغىچە يىل بويى ئىككى-ئۈچ ئايلا قاتنىغىلى بولىدىغان بۇ يولدا قاتناش مۇددىتىنى ئۇزارتىش ئۈچۈن تىرىشماقتا.

## مول بايلىق مەنبەسى

شىمالىي قۇتۇپ رايونىدىكى قۇرۇقلۇق ۋە ئوكيانلاردا مول كان بايلىقلىرى ۋە ئوكيان جانلىقلىرى بايلىقى



بار، ئۇ، دۇنيادا ھازىرغىچە ئېچىلىپ باقمىغان بايلىق غەزىنىسى. ئامېرىكىدا ئالياسكىنىڭ شىمالى، كانادانىڭ شىمالىي قۇتۇپ رايونى، سوۋېت ئىتتىپاقىدا سىبىرىيىنىڭ شىمالىي قىسمى ھەمدە شىمالىي مۇز ئوكيان بويلىرىدىكى بىپايان قۇرۇقلۇق ھاۋزىلىرىدا نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر، تۆمۈر قاتارلىق بايلىق زاپىسى ئىنتايىن مول. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، غايىلىك زاپاس پۈتۈن دۇنيادىكى بايلىق زاپىسىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلىشى مۇمكىن ئىكەن، بۇلار ئىچىدە بولۇپمۇ نېفىت، تەبىئىي گاز ھەممىدىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدىكەن.

60-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇيانقى دەسلەپكى قېزىپ تەكشۈرۈشلەردىن قارىغاندا، شىمالىي قۇتۇپ رايونىدىكى كەڭ قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز بويلىرىدىن نېفىت ۋە تەبىئىي گاز تېپىلغان، بۇلار ئىچىدە ئالياسكىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى برۇكس تاغ تىزمىلىرىنىڭ شىمالىي يانتۇلۇقىدا ۋە بوفورت دېڭىز بويى، كانادادىكى شىمالىي قۇتۇپ تاقىم ئاراللىرى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى سىبىرىيىنىڭ شىمالىدا بايلىق زاپىسى ھەممىدىن كۆپ. ئامېرىكىنىڭ جەزلىك نېفىت شىركىتىنىڭ 1978-يىلىدىكى مۆلچەرىدىن قارىغاندا، ئالياسكىنىڭ شىمالىدىكى قۇرۇقلۇقتىكى ۋە بوفورت دېڭىزىنىڭ ئاستىدىكى نېفىت زاپىسى 4 مىليارت 790 مىليون توننا، تەبىئىي گاز 2 تىرلىيون 660 مىليارت كۇپمېتىر بولۇپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئامېرىكىنىڭ قالغان نېفىت زاپىسىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى ۋە تەبىئىي گاز زاپىسىنىڭ 30 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىكەن. كانادانىڭ شىمالىي قۇتۇپ رايونىدىكى بوفورت دېڭىزىنىڭ ئاستىدىكى — ماكېنزى دەر-

ياسى دۆلەتلىرىدىكى خام نېفىت زاپىسى 4 مىليارت توننىدىن 5 مىليارت تونناغىچە بولۇشى مۇمكىن ئىكەن. بۇنىڭ سىرتىدا، كانادانىڭ شىمالىي قۇتۇپتىكى ئاراللىرىدا 2 مىليارت 970 مىليون توننا خام نېفىت (جۈملىدىن ئاجرىمىغان قاتتىق نېفىت) زاپىسى بولۇشى مۇمكىن ئىكەن.

سوۋېت ئىتتىپاقى تيۇمېن ئوبلاستىنىڭ شىمالى ۋە كومى ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى — دۇنيا بويىچە نېفىت، گاز چوكمىلىرى توپلانغان مەشھۇر ئويمانلىق، بولۇپمۇ بۇ يەردە تەبىي گاز زاپىسى ناھايىتى مول. تيۇمېن ئوبلاستىنىڭ شىمالىدا تېپىلغان تەبىي گاز زاپىسىنىڭ ئۆزىلا 18 تىرلىيون كۇپمېتىر بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان تەبىي گاز زاپىسىنىڭ تەخمىنەن 70 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. شىمالىي قۇتۇپ چەمبىرىگە يېقىن بولغان ئۇرانگىي ۋە ئامبۇرگ گازلىقىدىكى زاپاس ئايرىم ھالدا 5 تىرلىيون ۋە 4 تىرلىيون 400 مىليارت كۇپمېتىرغا يېتىپ، دۇنيادىكى 10 چوڭ گازلىق ئىچىدە بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

شىمالىي قۇتۇپ رايونىدا كۆمۈر، تۆمۈر زاپىسىمۇ ئىنتايىن مول. مەسىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىمالىي قۇتۇپ رايونىدىكى كۆمۈر زاپىسى 7 تىرلىيون 700 مىليارت تونناغا يېتىدۇ، ئالياسكىنىڭ شىمالىدا 120 مىليارت 200 مىليون توننا كۆمۈر زاپىسى بارلىقى مۆلچەرلەنمەكتە، شىۋىتسىيىنىڭ شىمالىي قۇتۇپ رايونىدىكى تۆمۈر كېنىدا 3 مىليارت توننا رۇدا زاپىسى بارلىقى مۆلچەرلەنمەكتە ۋاھاكازا.

بۇلاردىن سىرت، شىمالىي قۇتۇپ رايونىدا يەنە مول



مىس، قوغۇشۇن، سىنك، نىكېل، خروم، مولىبدېن، ۋانادىي، قەلەي، ۋولفرام، سىماپ، ئالتۇن، كۈمۈش، پلاتىنا، ئۇران، كىرىستكومى، ئۇران، تورىي، فوسفور تېشى، تاشپاختا، قاتارلىق كان بايلىقلىرىمۇ بار.

شىمالىي قۇتۇپ رايونىدا، كان بايلىقلىرىدىن باشقا شىمالىي قۇتۇپقا خاس ھايۋاناتلارمۇ مەسىلەن، شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقى، دېڭىز پىلى، تيۇلېن ھەمدە ئەتىر ۋالىق شىمالىي قۇتۇپ تۈلكىسى، قار توشقىنى، ئۆدەك قاتارلىقلار بار. دېڭىز ئوكياندا كىت، ياپىلاق، يوغان باش بېلىق قاتارلىقلار بار، بارېنتس دېڭىزى، نورۋېگىيە دېڭىزى ۋە گرېنلاند دېڭىزى دۇنيادىكى ئەڭ مەشھۇر بېلىقچىلىق مەيدانلىرى ھېسابلىنىدۇ.

## شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقى شىمالىي قۇتۇپتا

سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكىدىن ئىبارەت دەرىجىدىن تاشقىرى بۇ ئىككى مەملىكەتنىڭ ھەر ئىككىلىسى شىمالىي قۇتۇپ رايونىنى ئۆزلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈش كويىدا بولۇۋاتىدۇ ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن كەسكىن كۆرەش قىلىشىۋاتىدۇ.

شىمالىي قۇتۇپ رايونى قۇرۇقلۇقىنىڭ 30 پىرسەنتكە يېقىن قىسمىنى كونترول قىلىپ تۇرغان سوۋېت ئىتتىپاقى — بۇ رايوندىكى ئەڭ چوڭ زومىگەر، ئۇنىڭ شىمالىي قۇتۇپتا تالىشىدىغان مۇھىم نۇقتىسى — شىمالىي ياۋروپا رايونىدىن ئىبارەت، بەلكى بۇ يەرنى غەربىي ياۋروپاغا جەنۇبىي ۋە شىمالىي تەرەپتىن قىسىپ زەربە بېرىدىغان ئىس-

تىراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى قىلىنغان. شىمالىي قۇتۇپ رايونىنىڭ كولا يېرىم ئارىلىدىكى مۇرمانسكى قاتارلىق پورتلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۆت دېڭىز ئارمىيە پاراخوت ئەترىدى ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ ياخشى قوراللانغان شىمال پاراخوت ئەترىدى تۇرىدۇ، ئۇنىڭ قارمىقىدا 1978-يىلى 189 سۇ ئاستى پاراخودى بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى سۇ ئاستى پاراخودىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ، بۇلار ئىچىدە يادرو سۇ ئاستى پاراخودىدىن 100 ى بار. بۇنىڭ سىرتىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ "كىيېۋ" ناملىق بىرىنچى ئاۋىئاماتكىسىنى، باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئېلىپ يۈرىدىغان ئوكيان پاراخودىدىن 10 نى ۋە باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئېلىپ يۈرىدىغان قوغلىغۇچى پاراخوتتىن 4 نى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئاساسلىق سۇ ئۈستىدە ئۇرۇشقۇچى 51 پاراخودى بار.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىمالىي قۇتۇپ رايونىدا تالىشىدىغان نىشانىسى — شىمالىي پاراخوت ئەترىدى ئاتلانتىك ئوكياندىكى ئىستراتېگىيىلىك دېڭىز يولى بولغان بېرىڭ دېڭىزى بىلەن نورۋېگىيە دېڭىزىدىن ئۆتىدىغان يولنى كونتۇرۇل قىلىپ، ئۇلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ "ئىچكى دېڭىزى" غا ئايلاندۇرۇپ، بۇ دېڭىز يولىنىڭ "كارنىيى" بولغان نورۋېگىيىنىڭ شىمالىي قۇتۇپ رايونىنى ۋە شپىتسبېرگېن تاقىم ئاراللىرىنى يۇتۇۋېلىشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، نورۋېگىيىگە قىپ-يالىڭاچ ھەربىي پوپوزا ئىشلىتىپ، مۇشۇ دېڭىزنىڭ نورۋېگىيە دېڭىزى بويىدا دائىم ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزمەكتە.

70-يىللاردىن بۇيان سوۋېت ئىتتىپاقى تالىشىش



نىشانىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شىمالىي مۇز ئوكيانىنىڭ غەربىي يېرىمىغىچە كېڭەيتىپ، شىمالىي ئامېرىكا قۇرۇقلۇغىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى ۋە كانادانىڭ شىمالىي قۇتۇپ ئاراللىرىدىكى بوغازلار ئارقىلىق ئاتلانتىك ئوكيانغا بارىدىغان ئىككىنچى دېڭىز يولىنى ئېچىشقا ئۇرۇنماقتا. بۇنداق بولغاندا، ئۇنىڭ پاراخوت ئەترەتلىرى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى نورۋېگىيىنىڭ شىمالىي قۇتۇپ رايونىدا تەسىس قىلغان كۆزىتىش سىستېمىلىرىنىڭ كوز-قۇلاق بولۇشىدىن قۇتۇلۇپلا قالماي، بەلكى كانادا ۋە ئامېرىكىنىڭ شەرقىي دېڭىز قىرغىقىدىكى رايونلارغا توغرىدىن-توغرا تەھدىت سالالايدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىمالىي قۇتۇپ رايونىدىكى تاجاۋۇزكارانە كېڭەيمىچىلىكى تەبىئى ھالدا يەنە بىر دەرىجىدىن تاشقىرى دولەتنىڭ قاتتىق دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىدى. شىمالىي قۇتۇپ رايونىنى تىزگىنلەش ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئامېرىكىمۇ شىمالىي ياۋروپادىكى ئىسلاندىيىدە، ئەنگلىيىدىن تارتىپ نورۋېگىيىدىكى ئېيىق ئارىلى ۋە سۋاربالد تاقىم ئاراللىرى، ئالياسكا، كانادانىڭ شىمالىي قۇتۇپ رايونى ۋە گرېنلاند ئارىلىغىچە بىر قاتار مۇھىم ھەربىي بازا، مۇداپىئە سىستېمىلىرى، ئېلېكترونلۇق كۆزىتىش تورلىرىنى قۇردى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تېز كۈچىيىۋاتقان يادرو سۇ ئاستى پاراخوتلىرىنىڭ تەھدىتىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئامېرىكا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىمالىي مۇز ئوكيان بويىدىكى دېڭىزلاردا بىر قاتار مۇقىم ئاڭلاش پونكىتلىرىنى ۋە ۋاقىتلىق ئاڭلاش ئۈسكۈنىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، سوۋېت

ئىتتىپاقى يادرو سۇ ئاستى پاراخوتلىرىنىڭ پېيىگە چۈشتى
ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى يادرو سۇ ئاستى پاراخوتلىرىنى
ئىزدەش ۋە زورۇر تېپىلغاندا ۋەيران قىلىپ تاشلاش ئۈچۈن،
سۇ ئاستى پاراخوتلارغا قارشى تۇرىدىغان بىر خىل سۇ
ئاستى پاراخوتنى ياساشقا كىرىشتى. ئامېرىكىمۇ سوۋېت ئىت-
تىپاقىغا ئوخشاشلا، لەيلىمە مۇزلارنى "تەكشۈرۈش" تىن
پايدىلىنىپ، شىمالىي مۇز ئوكياندا جاسۇسلۇق ھەركەتلىرى-
نى ئېلىپ بارماقتا.

سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكىنىڭ شىمالىي قۇتۇپ
رايونىنى تالىشىشى بۇ رايوندىكى ئالاقىدار مەملىكەتلەر ۋە
خەلقلەر ئارىسىدا تېخىمۇ زور ئەندىشە پەيدا قىلدى. ئا-
لياسكا، كانادانىڭ شىمالىي قىسمى ۋە گرېنلاندىيە ئارىلىغا
يېقىن جايلاردا ياشاۋاتقان ئېسكىموسلار 1977-يىلى يازدا
ئۆتكۈزۈلگەن خەلقارالىق ئېسكىموسلارنىڭ ۋەكىللەر يىغىنىدا
ھەققانىي سادالىرىنى ياڭرىتىپ، "شىمالىي قۇتۇپ رايونىدىكى
ھەربىي پائالىيەتلەرنى ئۈزۈل-كېسىل مەنئى قىلىش"، "شى-
مالىي قۇتۇپتىكى بارلىق ھەربىي بازىلارنى ئېلىپ تاشلاش"،
"بۇ رايوندىكى قورال-ياراق سىناقلىرىنى توختىتىش" نى
تەلەپ قىلدى. كانادا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ لەيلىمە مۇزلار-
دىن پايدىلىنىپ، جاسۇسلۇق ھەركەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشى-
دىن "ھوشيار تۇرماقتا"، نورۋېگىيە، شۋېتسىيە، دانىيە
قاتارلىق شىمالىي ياۋروپا ئەللىرىمۇ، دولەت مۇداپىئەسىگە
ئاجرىتىلغان راسخوتنى كۆپەيتىپ، مۇداپىئەنى كۈچەيتمەكتە
ھەمدە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا زىچ ماسلى-
شىپ، "شىمالىي قۇتۇپ ئېبىق" نىڭ تەھدىتىگە بىرلىكتە
تاقابىل تۇرماقتا.



سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەر شارى ئىستراتېگىيىلىك
ھۇجۇمى كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىۋاتقانلىقتىن، سوۋېت ئىتتى-
پاقى بىلەن ئامېرىكىنىڭ شىمالىي قۇتۇپ رايونىنى تالى-
شىشىمۇ ئەۋج ئالماقتا. مۇز-قار قاپلاپ تۇرغان شىمالىي
قۇتۇپ رايونىدا، ئوق-دورا ھىدى بارغانسېرى قويۇق-
لاشماقتا.



www.uyghurkitap.com

# گرېنلاندىيە ۋە ئېسكىمولار

شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ شەرقىي - شىمالىدىكى گرېنلاندىيە ئارىلى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئارال بولۇپ. شىمالدىن جەنۇپقىچە ئۇزۇنلۇغى 2 مىڭ 700 كىلومېتىر، شەرقتىن غەرپكىچە كەڭلىگى 1 مىڭ 100 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، ئومۇمى كولىمى 2 مىليون 170 نەچچە مىڭ كۇۋادىرات كىلومېتىر بولۇپ، چوڭلۇغى تەخمىنەن 50 دانىيىگە تەڭ كېلىدۇ.

## مەڭگۈ مۇز ئېرىمەيدىغان تاغلىق ئارال

"گرېنلاند" دىگەن بۇ سوز "يېشىل زېمىن" دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇنىڭدىن ناھايىتى كوپ ئىلگىرى، شىمالىي ياۋروپالىق بىر ساياھەتچى ئىسلاندىيىدىن بۇ يەرگە كېلىپ، بىر پارچە ئوتلاقنى كورۈپ، كىشىلەرنى بۇ ئارالغا كېلىپ ماكانلىشىشقا قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن، بۇ يەرگە ئەنە شۇنداق چىرايلىق نام قويۇپ قويغان ئىكەن، لېكىن "گرېنلاندىيە ئارىلى" ئەمەلىيەتتە، "يېشىل زېمىن" بولماستىن، بەلكى پۈتۈنلەي ئاپپاق قار ۋە بىپايان مۇزلار بىلەن قاپلانغان، قار - شىۋىرغان توختىمايدىغان كۈمۈش رەڭلىك دۇنيا بولۇپ، ئىسمى جىسمىغا لايىق كەلمەيدۇ. 1 مىليون 800 نەچچە مىڭ كۇۋادىرات كىلومېتىر يەرنى يەنى پۈتۈن



ئارالنىڭ ئوندىن سەككىز، ئوندىن توققۇز قىسمىنى مۇز قاتلىمى يېپىپ تۇرىدۇ. پەقەت دېڭىز بويىدىكى ناھايىتى ئاز بىر قىسىم جايلاردىلا، بەزى چاغلاردا يەر يۈزىنى كورۈش مۇمكىن. گرېنلاندىيە ئارىلىنى يېپىپ تۇرغان مۇز قاتلىمى خۇددى غايەت زور مۇزخانىغا ئوخشايدۇ، ئەگەر بۇ مۇزلارنىڭ ھەممىسى ئېرىپ دېڭىز - ئوكيانغا قۇيۇلىدىغان بولسا، پۈتۈن يەر شارىدىكى دېڭىز سۈيى 6 مېتىردىن كوپرەك كوتىرىلىدۇ، ھەر قايسى قىتئەلەرنىڭ دېڭىز ياقىسىدىكى تۈزلەڭلىكلەر ۋە ئويمانلارنىڭ ھەممىسى سۇغا چوكۈپ كېتىدۇ. گرېنلاندىيە ئارىلىدا بىپايان مۇزلۇقلار بولغانلىغى ئۈچۈن، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ "مۇز تاغ زاۋۇدى" دەپ نام ئالغان. بۇ يەردىكى مۇزلار تۈمەن يىللار داۋامىدا قارلارنىڭ بېسىلىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولغانلىقتىن، كىشىلەر بۇ مۇز تاغلاردىكى مۇزلارنى "ئېرىمەس مۇز" دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ مۇزلاردا نۇرغۇنلىغان كوپۈكچىلەر بار، ئەگەر بىر پارچە مۇزنى ئىستاكانغا سېلىپ قويساق، بوش پارتلىغان ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. گرېنلاندىيە ئارىلىدىكى بۇ مۇزلار كىشىلەر ياقتۇرىدىغان ئالى سوغاق يىمەكلىك بولۇپ، ياۋروپا، ئامېرىكا ئەللىرىدىكى خەلقلەر ئۇنى ياخشى كورىدۇ.

## يېرىم يىل كېچە، يېرىم يىل كۈندۈز بولىدۇ

گرېنلاندىيە ئارىلىنىڭ بەشتىن تۆت قىسمى شىمالىي قۇتۇپ چەمبىرى ئىچىدە بولۇپ، ھاۋا كىلىماتى يىل بويى ناھايىتى سوغاق بولىدۇ. ئارالنىڭ ئوتتۇرا ۋە شىمالىي قىسمى، جەنۇبىي قۇتۇپنى ھىساپقا ئالمىغاندا، دۇنيا بويى-

چە تېمپېراتۇرىسى ئەڭ تۆۋەن يەر ھېساپلىنىدۇ. گرېنلاندىيە ئارىلىدا، قىش پەسلىدە ئۇزاقتىن-ئۇزاق شىمالىي قۇتۇپ كېچىسى بولىدۇ، يەنى كېچىلا بولۇپ، كۈندۈز بولمايدۇ. گرېنلاندىيە ئارىلىدا ھەر يىلى 9-ئايدا كۈن ئولتۇرۇشقا باشلاپ، كېچە تەدرىجىي ئېشىپ كېلىدۇ. كېچە دەسلەپ ناھايىتى قىسقا بولۇپ، كېيىنچە كۈندىن-كۈنگە ئۇزىرىدۇ، ئارقىدىن، قۇتۇپ كېچىسى ئاخىر يېتىپ كېلىپ، توپتوغرا 3 ئاي كۈن چىقمايدۇ. ئارالنىڭ ئەڭ شىمالىدىكى جايلاردا، شىمالىي قۇتۇپ كېچىسى يېرىم يىلغا سوزۇلىدۇ. ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇ قۇتۇپ كېچىسىدە، بەزى چاغلاردا كۆركەم-ھەيۋەتلىك شىمالىي قۇتۇپ نۇرلىرىنى كۆرۈش مۇمكىن. بۇ، شىمالدىكى ئۇپۇق سىزىقىدىن كۆتۈرۈلگەن سۈت رەڭلىك نۇر بولۇپ، ئاستا-ئاستا، خۇددى بىر چۈمپەردىگە ئوخشاش ھاۋا بوشلۇقىدا يەلپۈنۈپ يۇقۇرىغا كۆتۈرۈلۈپ، بىردەمدىلا چېچىلىپ كېتىدۇ، ئۇ ھاۋا بوشلۇقىغا كۆتۈرۈلگەندە، رەڭگا-رەڭ تۈس ئېلىپ، خۇددى پورەك ئېچىلغان گۈلگە ئوخشاپ قالىدۇ. مانا بۇ تەبىئەتنىڭ ئاجايىپ-غارايىپلىقى.

## يەر كەڭ، ئادەم شالاڭ، ھاۋا كىلىماتى سوغاق

گرېنلاندىيە ئارىلىنىڭ يېرى كەڭ، ئادىمى شالاڭ بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئادەم ئەڭ شالاڭ رايونلاردىن بىرى ھېساپلىنىدۇ، ئۇ يەردە تەخمىنەن 50 مىڭ ئاھالە بار، ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن ھەر 44 كۋادرات كىلومېتىر يەرگە بىردىن ئادەم توغرا كېلىدۇ. ئاھالىنىڭ تارقىلىشى



www.uyghurkitap.com

تەكشى ئەمەس، ئاھالە ئاساسەن، بەزى شەھەر بازارلىرى ۋە غەرپتىكى دېڭىز ياقىلىرىغا توپلانغان. ئارالدىكى ئاھالىنىڭ كۆپچىلىگى ئېسكىمولار. ئېسكىمولار سېرىق تەنلىكلەرگە مەنسۇپ بولۇپ، ئېيتىلىشىچە، بۇنىڭدىن 3 مىڭ نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى ئاسىيادىن كۆچۈپ كەلگەن ئىكەن. بۇلاردىن باشقا ئاز ساندا ياۋروپالىقلار بولۇپ، بەزىلىرى ھاۋا رايىنى تەتقىق قىلىدۇ، بەزىلىرى تىجارەت قىلىدۇ، بەزىلىرى مائارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، يەنە بەزىلىرى جامائەت ئىشلىرىنى قىلىدۇ.

مۇز-قارلىق يەردە ياشاۋاتقان ئېسكىمولار دۇنيادىكى تۆت پەسىلگە بۆلۈنمەيدىغان جايلارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى قىياس قىلالمايدۇ. تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 50 گىرادۇستىن نۆلدىن تۆۋەن بىر گىرادۇسقا كۆتۈرۈلگەندە، ئىسسىق بەلۋاغدا ياشاۋاتقان بىزلەر ئۈچۈن يەنىلا قىش ھېساپلىنىدۇ. ئەمما، گرېنلاندىيە ئارىلىدا ياشاۋاتقان ئېسكىمولار ئۈچۈن بولسا، باھار ھېساپلىنىدۇ. بۇ چاغدا، ئارالنىڭ بەزى جايلىرىدا مۇزنىڭ ئۈستى ئېرىشكە باشلايدۇ، چوڭ مۇزلار ئاستا-ئاستا يېرىلىپ، بىر خىل غىچىرلىغان ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ، قېلىن مۇز ئۈستىدە تەدرىجىي ھالدا سۇ ئازگاللىرى پەيدا بولىدۇ. تېمپېراتۇرا ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلۈپ، شىمالىي قۇتۇپ كېچىسى تاكى قاراڭغۇلۇق تامامەن يوقالغىچە تەدرىجىي ھالدا قىسقىرىپ بارىدۇ. تېمپېراتۇرا نۆلدىن يۇقۇرى 10 گىرادۇسقا كۆتۈرۈلگەندە، گرېنلاندىيە ئارىلىدا ياز بولىدۇ، بۇ، ئارالدىكى ئەڭ ئىسسىق پەسىل ھېساپلىنىدۇ. بۇ چاغدا، ئارالدا 3 ئايدىن يېرىم يىلغىچە داۋاملىشىدىغان كۈندۈز باشلىنىدۇ، يەنى كېچە بولماي، كۈندۈزلا بولىدۇ. قۇياش

كۈن بويى پەسلا كۆتىرىلىپ، ئۇپۇق سىزىقىنى بويلاپ تەكشى دۇگىلەك دائىرىدىلا دىگۇدەك ئايلىنىپ يۈرىدۇ، يەنى ئۇپۇق سىزىقىدىن تۆۋەن ئولتۇرمايدۇ. قۇياش ئۇپۇق سىزىقىغا چوككەندەك بولۇش بىلەنلا، ئۇنىڭ ناھايىتى تېزلا قايتا كۆتىرىلگەنلىگىنى كۆرۈش مۇمكىن. بۇ چاغدىكى قۇياش يېرىم كېچە ھالىتىدىكى قۇياش بولۇپ، غۇۋا كو-رۈنىدۇ.

## پورەكلەپ ئېچىلىدىغان گۈللەرمۇ بار، ئىسىل قۇشلار، ئاجايىپ ھايۋانلارمۇ بار

ياز كۈنلىرى بۇ ئارالدا خىلمۇ-خىل گىيالار ئۆسىدۇ، چاتقاللار، پاكار قىيىنلار، سوگەتلەر، تېرەكلەر بار، يا-ماشقاق، ئالۇچا، خوخا تىكەن ۋە ياۋا ئوت-چۆپ قاتارلىق 400 نەچچە خىل ئوسۇملۇك بار، بۇلار ئىچىدە مۇخ بىلەن خوخا تىكەن ھەممىدىن كوپ ۋە ھەممىدىن كەڭ تارقالغان. بۇ مەزگىلدە، دېڭىز بويىدىكى مۇز توڭلىمايدىغان تار-ئۇزۇن رايوندا، گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ، پەسىل قۇشلىرى توپ-لىشىپ، جۇشقۇن مەنزىرە بارلىققا كېلىدۇ. بۇ ئارالدا ھاي-ۋانات تۈرلىرىمۇ ناھايىتى كوپ، تىيۇلىن، دېڭىز پىلى، ئاق ئېيىق، ئاق تۈلكە، مۇشۇك ياپىلاق ۋە ئېسكىمولارغا تازا لازىملىق ئىت ۋە باشقىلار بار. بۇ يەردە كان باي-لىقلىرىمۇ ناھايىتى مول بولۇپ، كىرىستال تاش، تومۇر، قوغۇشۇن، مىس، ئۇران، نېفىت، تەبىئى گاز قاتارلىقلار بار.

يازدا، گرېنلاندىيە ئارىلىدا نۇرغۇن پاتقاقلىقلار پەيدا



بولىدۇ. تېمپېراتۇرا تۆۋەن بولۇپ، پاتقاقلىقتىكى سۇ ئوگاي-لىقچە پارغا ئايلانمىغانلىقتىن، پاشا-كۇمۇتىلار ھەددى-ھىساپسىز كوپ بولىدۇ. كىشىلەر ئوتلاقلاردىن ئۆتكەندە، ھەر دائىم پاشا-كۇمۇتىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ، بۇ ھال ئېسكىمولارغا بىرمۇنچە ئاۋارىگەرچىلىك تۇغدۇرىدۇ.

## ئېسكىمولارنىڭ ھاياتى

ئېسكىمولار — ئەمگەكچان، باتۇر، ئۇلار جاپا-مۇشەققەت، خېيىم-خەتەر ۋە سوغاقتىن قورقمايدۇ، تەبىئەت بىلەن كۆرەش قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە. قىشتا، مۇز-قار ئۇستىدە مېڭىپ كېتى-ۋاتقاندا ئۇشتۇمتۇت بوران-چاپقۇنغا دۇچكېلىش ئىنتايىن خەتەرلىك، بۇنداق بوران-چاپقۇن قېلىن قارلارنى تېزلا تۇرتۇپ، قار چوققىلىرىغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. يولۇچىلار بۇنداق قار دوۋىلىرىدە يىقىلىپ، قېلىن قار دوۋىلىرىگە چوكۇپ كېتىشى مۇمكىن. ئېسكىمولار بۇنداق ئەھۋاللارغا يولۇققاندا، تېزلا ۋاقىتلىق دالدا يەنى مۇز-قاردىن كىچىك ئۆتكۈر ياساپ كىرىۋېلىپ، بوران-چاپقۇن ۋە قار دوۋىلىرىدىن مۇداپىيە كورىدۇ. مۇز ئۆي ياساش ئېسكىمولارنىڭ ئارتۇق-چىلىقى، ئۇلار بىرەر سائەت ئىچىدىلا، سوقىچاقىراق مۇز ئويىدىن بىرنى پۈتتۈرىدۇ.

ئېسكىمولار ئادەتتە ئۆينى تاش، ئۇستىخان ۋە باشقا نەرسىلەر بىلەن قوپۇرىدۇ، ئۆيلەر ھەم پاكار، ھەم ئۇزۇنچاق ياسىلىدۇ، ئۆينىڭ كوپ قىسمى يەر يۈزىدىن تۆۋەن بولىدۇ، ئۈستىنى قېلىن ياۋا ئوت-چۆپلەر بىلەن ياپىدۇ، يامغۇردىن، شامالدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۆينىڭ ئۈستىنى تولا چاغلاردا بىر قەۋەت تيۇلىن تېرىسى بىلەن چۈمكەيدۇ. دەرىزىنى

تيۇلىننىڭ قۇرۇتۇلغان ئۈچىيىدىن ياسايدۇ، ئۇنىڭدىن نۇر ئوتىدۇ، ئەمما ھاۋا ئوتمەيدۇ. يازدا گرېنلاندىيە ئارىلىنى پۈتۈنلەي تۇمان بېسىپ، نەرسە-كېرەكلەرنىڭ ھەممىسى نەملىشىپ كېتىدۇ، تۇمان چاپان-چارىلاردىن ئوتۇپ، بەدەنگە تەسىر قىلىدۇ. مۇشۇنداق ناچار تەبىي شارائىتقا قارشى كۆرەش قىلىش ئۈچۈن، ئېسكىمولار تۇماننى جىن-شاياتۇنلارغا ئوخشىتىپ، كىشىلەرنىڭ ئۇنى يېڭىشكە ئىلھام بېرىدىغان نۇرغۇن قىزىق رىۋايەتلەرنى توقۇۋالغان.

ئېسكىمولارنىڭ تۇرمۇشى بىرقەدەر ئاددى، ئۇلار ئاساسەن تيۇلىن، بېلىق قاتارلىق نەرسىلەرنى يەيدۇ. ئۇلار يىل بويى يېمەكلىك تېپىش بىلەن بەنت بولىدۇ. ئۇلار، باھار ۋە يازدا قېيىقلارغا چۈشۈپ بېلىق تۇتۇپ، قىشلىق ئوزۇق تەييارلايدۇ. قىشتا ئوۋغا ناھايىتى ئاز چىقىدۇ، كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىگى ئۆيلىرىدە دەم ئالىدۇ، قورال-سايمانلىرىنى رېمونت قىلىدۇ، ھەر خىل قول ھۈنەرلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

تيۇلىن ئېسكىمولارنىڭ تۇرمۇشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. تيۇلىن گوشى ئۇلارنىڭ ئاساسىي ئوزۇقى، تيۇلىن يېغىنى چىراق يېغى قىلىدۇ، تېرىسىدە كىيىم-كېچەك، ئاياللارغا پەرتۇق تىكىدۇ ھەمدە قۇرۇتقاندىن كېيىن يوتقان قىلىدۇ، قۇرۇتۇلغان ئۈچىيىدىن يىپ، ئۇستىخىنىدىن يىڭنە ياسايدۇ.

ئىت — ئېسكىمولارنىڭ مۇز-قارلىق دالادا يول يۈرگەندە كەم بولسا بولمايدىغان ئەڭ قىممەتلىك بايلىقى. قىش كۈنلىرى ئېسكىمولار چۈشىدىغان چانىلارنى ئىت سۆرەيدۇ، بىر چانىغا 7 — 8 ئىتنى قوشۇپ، ھەر بىر ئىتقا بىردىن توشىڭ تارتىدۇ، چانا ئۇچقاندەك ماڭىدۇ.

ئېسكىمولارنىڭ تىلى قەدىمقى ئاسىيا تىلى سىستېمىسىغا



www.uyghurkitap.com

كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ سۆزلىرى چۇۋالچاق بولۇپ، مۇكەممەل، مۇرەككەپ بىر مەقسەتنى نۇرغۇن سۆزلەرنى ئۇلىغاندىلا چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ تىلىدا تيۇلىن دېگەن سۆز يوق، ئۇلار "تيۇلىن" دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن 3 جۈملە سۆز قىلىش كېرەك، بىرىنچى جۈملىدە تيۇلىننىڭ قانداق شەكىللىك ئىكەنلىگىنى، ئىككىنچى جۈملىدە ئۇنىڭ نەدە ياشايدىغانلىقىنى، ئۈچىنچى جۈملىدە ئۇنىڭ ئوزى ھەرىكەت قىلالايدىغان-قىلالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشى لازىم.

ئېسكىمولارنىڭ مۇرەككەپ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرى يوق. ياۋروپالىقلارنىڭ قەدىمى يەتمىگەن جايلار ئىپتىدائىي كوممۇنىزىمغا ئوخشاپ كېتىدۇ، ئۇ يەرلەردە سوراقچىمۇ، ساقچىمۇ ھاجەتسىز. كوللېكتىپ بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا كۆپچىلىك گەپ قىلمايدۇ، ئارىغا ئالمايدۇ، شۇنىڭ ئوزى ئۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ جازا ھېسابلىنىدۇ. جىنايىتى بەك ئېغىر بولسا، جىنايەتچىنى ئولتۇرۇۋېتىدۇ. ئەمما، بۇنداق ئەھۋال كەمدىن-كەم ئۇچرايدۇ.

ئېسكىمولارنىڭ ئوزىگە خاس كۆڭۈل ئېچىش ئۇسۇللىرى بار، بۇلار ئىچىدە ئەڭ ئومۇملاشقىنى ھېكايە ئېيتىش بولۇپ، بەزىدە، پۈتۈن ئۆيلۈك بىرلىكتە ھېكايە ئېيتىدۇ، بەزىدە، پۈتۈن كەنتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى قاتنىشىپ، بىرلىكتە ئېيتىدۇ. ھەركىم ئوزىگە تازا تونۇشلۇق بولغان ياكى ئوزى ياخشى كۆرىدىغان رىۋايەتلەرنى سۆزلەپ بېرىدۇ. بىرسى ھېكايە ئېيتىۋاتقاندا، باشقىلار تولۇقلايدۇ ياكى تۈزىتىپ قويىدۇ، كېيىن بۇ ھېكايە يېڭى ۋەقەلىك بولۇپ تارىلىدۇ ھەمدە ئېسكىمولار رىۋايەتلىرىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالىدۇ. ئېسكىمولار ئۇسۇلچى كېلىدۇ، بايرام كۈنلىرىدە بېشىغا ئالاھىدە ياسالغان نەرسىلەرنى كىيىپ، ئىككى-ئۈچتىن بولۇپ، بىرەر ھەرىكەتلىك ۋەقەنى بىرلىكتە ئورۇنلايدۇ.

## بوغاز ــ قۇرۇقلۇق ۋە ئوكياننىڭ بوغىزى

دۇنيا خەرىتىسىنى ئېچىپ قارىساق، قۇرۇقلۇق بىلەن
ئوكيان ئارلىقىدا مىڭلىغان چوڭ ـ كىچىك بوغازلارنى كورى-
مىز، بۇلار ئىچىدە پاراخوت قاتنىيالايدىغانلىرى 130 دىن
ئاشىدۇ، مۇھىم بوغازلار 40 تىن ئاشىدۇ. ئەمما، دۇنيا بويى-
چە ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم تۈگۈن ۋە دېڭىز قاتنىشى باس-
باس بولغان بوغازلاردىن ئاساسەن، بېرىڭ بوغىزى، مالاككا
بوغىزى، خورمۇز بوغىزى، ئەلمەندېب بوغىزى، بوسفور بو-
غىزى ۋە داردانېل بوغىزى، جەبىلتارىق بوغىزى، ئەنگلىيە
بوغىزى قاتارلىقلار بار. ئۇلار بەش قىتئەنى تۇتاشتۇرۇپ،
توت ئوكياننى ئوتەشتۇرۇپ تۇرىدۇ.

هازىر، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئوكيان
زومىگەرلىكىنى تالىشىش كۈرىشى دۇنيادىكى ھەر قايسى ئوك-
يانلارغىچە كېڭەيدى. بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى دېڭىزلارنى
تىزگىنلەش ھوقۇقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قولغا كەل-
تۈرۈش كويىغا چۈشكەنلىكتىن، دۇنيادىكى بوغازلارنى تالى-
شىش كۈرىشى ئۇنىڭ دۇنيا زومىگەرلىكىنى تالىشىش كۈرىشى-
نىڭ مۇھىم بىر تەرىپى بولۇپ قالدى.

تىنچ ئوكيان، ھىندى ئوكيان ۋە ئوتتۇرا دېڭىز سوۋېت
ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكا ئوكيان زومىگەرلىكىنى ئەڭ قاتتىق
تالىشىدىغان رايونلاردۇر. شەرقتە تىنچ ئوكيان بىلەن تۇتى-



شىپ، غەرپتە ئاتلانتىك ئوكيانغا تۇتىشىدىغان بۇ رايون
ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقا، ئاۋستىرالىيىدىن ئىبارەت تۆت
قىتئەنى تۇتاشتۇرىدىغان قاتناش تۈگۈنى. شەرقتىكى مالاككا
بوغىزى، غەربىي شىمالدىكى خورمۇز بوغىزى، ئەلمەندېب بو-
غىزى، بوسفور بوغىزى، داردانېل بوغىزى، جەبىلتارىق بو-
غىزى، غەربىي ـ جەنۇپتىكى موزامبىك بوغىزى ئارقىلىق ياخ-
شى ئۈمىت تۇمشۇقىنى ئايلىنىپ ئاتلانتىك ئوكيانغا بارىدى-
غان دېڭىز يوللىرىنىڭ ھەممىسى دۇنيا دېڭىز قاتنىشىدا ۋە
دۇنيا سودىسىدا ئىنتايىن مۇھىم دېڭىز يوللىرى ھېساپلىنىدۇ.
شۇ سەۋەپتىن، تىنچ ئوكياندىن ئاتلانتىك ئوكيانغىچە بولغان
يايىسىمان جايلاردىكى بۇ بوغازلار سوۋېت ـ ئامېرىكا تالىشى-
دىغان مۇھىم نىشان بولۇپ قالدى.

## ئاسىيا بىلەن شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ چېگرىسى ــ بېرىڭ بوغىزى

بىپايان تىنچ ئوكياننىڭ ئەڭ شىمالىدا، ئاسىيا قۇرۇق-
لۇقىنىڭ غەربىي ـ شىمالىي بىلەن شىمالىي ئامېرىكا قۇرۇق-
لۇقىنىڭ غەربىي ـ شىمالىي ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بىر سۇ
يولى بار، ئۇ بولسىمۇ ئاسىيا بىلەن شىمالىي ئامېرىكا قىتئە-
سىنىڭ چېگرىسى ــ بېرىڭ بوغىزى. ئۇنىڭ شەرقىدە ئامېرى-
كىنىڭ ئالياسكا ئىشتاتىدىكى ئۇئېلس تۇمشۇقى، غەربىدە
سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاراشلىق دېژنېۋ تۇمشۇقى بار، بېرىڭ
بوغىزى جەنۇپ بىلەن شىمالدا بېرىڭ دېڭىزى بىلەن چۇ-
كوتكا دېڭىزىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ، ئۇ شىمالىي مۇز ئوك-
يان بىلەن تىنچ ئوكياننى ئوتەشتۇرۇپ تۇرىدىغان بىردىن-

www.uyghurkitap.com

بىر دېڭىز يولى ھېساپلىنىدۇ. لېكىن بۇ يەردە يىل بويى مۇز ئېرىمەيدۇ، ھەممە يەرنى تۇمان قاپلاپ تۇرىدۇ، بۇ ئەھۋال دېڭىز يولىدا ناھايىتى ئېغىر قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدۇ.

بېرىڭ بوغۇزىنىڭ كەڭلىگى 35 كىلومېتىردىن 86 كىلومېتىرغىچە بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ تېيىز يېرى ئاران 42 مېتىر كېلىدۇ، تىنچ ئوكيان بىلەن شىمالىي مۇز ئوكيانىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى سۇ زادى ئۆتەشمەيدۇ. ھەر يىلى 6-ئايدىن 10-ئايغىچە شىمالىي مۇز ئوكياندىكى سۇ سىلىكىنىپ، تىنچ ئوكياندىكى ئىلمانراق سۇ كۆپلەپ شىمالىي مۇز ئوكيانغا قۇيۇلىدۇ، شىمالىي مۇز ئوكياندىكى دېڭىز سۈيى بولسا تىنچ ئوكيانغا قۇيۇلالمايدۇ.

بېرىڭ بوغۇزىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىبىرىيە رايونى، شەرقىي قىرغىقىدا ئامېرىكىنىڭ ئالياسكا ئىشتاتى بولغانلىقى، 1741-يىلى روسىيىلىك ساياھەتچى بېرىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكى ئۈچۈن، روسىيە بۇ زېمىننىڭ خوجايىنى بولۇپ قالغان. 1867-يىلىغا كەلگەندە، چار پادىشا بۇ يەرنى ئامېرىكىغا 7 مىليون 200 مىڭ دوللارغا سېتىپ بەرگەن. شۇ سەۋەپتىن، بېرىڭ بوغۇزى ئاسىيا بىلەن شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ چېگرىسى بولۇش بىلەنلا قالماي، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكىنىڭ چېگرىسىمۇ بولۇپ قالغان.

بېرىڭ بوغۇزىدىكى سۇ يولىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا ئىككى كىچىك ئارال بار، ئۇنىڭ كراتمىنوۋ ئارىلى (چوڭ دەيۋمىد ئارىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، كۆلىمى تەخمىنەن 10 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ) دېگەن چوڭراق بىرسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارايدۇ؛ يەنە بىرى — كرۇسون-شتىرن ئارىلى



(كىچىك دەيۋمىد ئارىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بولۇپ، ئۇنىڭغا يېقىن فرونىي مارجان قىيا تاشلىقى قوشۇلۇپ ئامېرىكىغا قارايدۇ. بۇ ئىككى ئارالنىڭ ئارىلىقى 4 كىلومېتىرغا يەتمەيدۇ، ئەمما خەلقارا كالىندارنىڭ ئالمىشىش سىزىقى ئۇلار ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەنلىكتىن، بۇ ئىككى ئارالدا كالىندار بىر كۈن پەرق قىلىدۇ.

بېرىڭ بوغۇزى شىمالىي دېڭىز يولىنىڭ ئېغىزىنى بوغۇپ تۇرىدۇ، ئەمما، شىمالىي دېڭىز يولى ئاتلانتىك ئوكيان بىلەن تىنچ ئوكيان ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ يېقىن يول ھېساپلىنىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن، ئالايلى، لېنىنگرادتىن ۋلادىۋوستوكقا شىمالىي دېڭىز يولى بىلەن ماڭسا 14 مىڭ 280 كىلومېتىر، ئاتلانتىك ئوكيان — ئوتتۇرا دېڭىز — سۇۋەيش قانىلى — ھىندى ئوكيان — تىنچ ئوكيان دېڭىز يولى بىلەن ماڭسا، 23 مىڭ 200 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئەگەر، ياخشى ئۈمىت تۇمشۇغى بىلەن ئايلىنىپ ماڭسا، 29 مىڭ 400 كىلومېتىر كېلىدۇ. شۇڭا بۇ شىمالىي دېڭىز يولى سوۋېت ئىتتىپاقىنى دېڭىز ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان مۇھىم قاتناش يولى ھېساپلىنىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقى بىر يىلدا ئاران 2-3 ئايلا قاتناشقىلى بولىدىغان بۇ دېڭىز يولىدىكى قاتناش ۋاقتىنى ئۇزارتىش ئۈچۈن، 70-يىللاردىن بۇيان، يادرو مۇز يارغۇچ پاراخوتلارنى ۋە سۈنئىي ھەمرا ئارقىلىق يول كۆرسىتىش تېخنىكىسىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى، تۇرلۇك ۋاستىلەر ئارقىلىق بېرىڭ بوغۇزىدا تەكشۈرۈش، رەسىمگە ئېلىش ۋە خەرىتە سىزىش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى، شۇنىڭ بىلەن بېرىڭ بوغۇزى ئېغىزىنى تىزگىنلىمەكچى بولۇپ كەلدى. ئامېرىكىمۇ

بوغازنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىن جايلىرىدا كۆزىتىش پونكىتلىرىنى قۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەركەتلىرىنى كۆزەتمەكتە.

## ياپون دېڭىزىنىڭ ئۈچ چوڭ دەرۋازىسى — زۇڭگۇ، جىنچىڭ ۋە سۇسىما بوغازلىرى

بېرىڭ بوغىزىدىن بېرىڭ دېڭىزى، تىنچ ئوكيان ۋە ئوخوتسكى دېڭىزى ئارقىلىق زۇڭگۇ بوغىزىدىن ئۆتۈپ ياپونىيە دېڭىزىغا كىرگىلى بولىدۇ. ياپون دېڭىزىدىن تىنچ ئوكيانغا زۇڭگۇ، جىنچىڭ ۋە سۇسىما بوغىزىدىن ئىبارەت 3 سۇ يولى بىلەن كىرىپ چىققىلى بولىدۇ.

زۇڭگۇ بوغىزى—ياپونىيىدىكى نوككايدو ئارىلىنىڭ ئەڭ شىمالىي قىسمى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ساخالىن ئارىلىنىڭ ئەڭ جەنۇبىي قىسمى ئوتتۇرىسىدىكى سۇ يولى بولۇپ، ياپون دېڭىزىدىن تىنچ ئوكيانغا كىرىپ چىقىدىغان شىمالىي دەرۋازا ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 100 كىلومېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 45 كىلومېتىر، ئەڭ چوڭقۇر يېرى 67 كىلومېتىر كېلىدۇ.

ياپونىيە زېمىنىغا تەۋە بولغان شىمالدىكى 4 ئارال— خابوماي، كۇناشىرى، شىكوتان ۋە ئېتوروفۇ ئارىلى—زۇڭگۇ بوغىزىنىڭ توسىقى. سوۋېت ئىتتىپاقى زۇڭگۇ بوغىزىنى تىزگىنلەشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، شىمالدىكى 4 ئارالنى ئىشغال قىلىۋالغان پېتى قايتۇرۇپ بېرىشنى رەت قىلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى بۇ ئاراللاردا ھەربىي ئايرودرۇم، ھەربىي پورت ۋە گازارمىلارنى



قۇردى. ئېتوروفۇ ئارىلىدىكى دەنگۇەن قولتۇقى ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي پورتى بولۇپ قالدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا، ياپونىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ 1941-يىل 12-ئاينىڭ 8-كۈنى ئامېرىكىنىڭ پېيرل-خاربور پورتىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلغان "ئىمپېرىيە بىرلەشمە پاراخوت ئەترىتى" شۇ دەنگۇەن قولتۇقىغا توپلانغان ۋە شۇ يەردىن يولغا چىققان ئىدى.

جىنچىڭ بوغىزى—ياپونىيىنىڭ خونسيۇ ئارىلى بىلەن نوككايدو ئارىلى ئوتتۇرىسىدىكى دېڭىز يولى، ياپونىيە دېڭىزىدىن تىنچ ئوكيانغا كىرىپ چىقىدىغان ئوتتۇرا دەرۋازا ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ شەرقتىن غەرپكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 100 كىلومېتىر، كەڭلىكى 20 كىلومېتىردىن 50 كىلومېتىرغىچە كېلىدۇ، ئەڭ چوڭقۇر يېرى 449 مېتىرغا يېتىدۇ، ئۇ، ياپونىيە دېڭىزىنىڭ شىمالىدىكى يىل بويى مۇز تۇتمايدىغان بىردىن-بىر بوغاز ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى قاتناش ھازىرغىچە كېمە-سال بىلەن قامدىلىپ كەلمەكتە. كېيىنچە قاتناش ۋە دېڭىز ترانسپورتى كۈندىن-كۈنگە جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكتىن، خونسيۇ ئارىلىدىكى ئائوموري بىلەن نوككايدو ئارىلىدىكى خاكوداتېدىن ئىبارەت ئىككى پورت شەھىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان جىنچىڭ دېڭىز ئاستى يول قۇرۇلۇشى 1971-يىلى باشلاندى. قۇرۇلۇشنىڭ ھازىرقى سۈرئىتىدىن قارىغاندا، ئومۇمى ئۇزۇنلۇقى 54 كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ دېڭىز ئاستى يول قۇرۇلۇشى 1981-يىلى پۈتۈشى مۇمكىن، ئۇ چاغدا سائىتىگە 200 كىلومېتىر يول باسىدىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك يۈك پويىزى بۇ بوغازدىن ئۇن نەچچە مىنۇتتىلا ئۆتۈپ بولىدۇ.

سۇسما بوغىزى — ياپونىيىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى سۇسما ئارىلى بىلەن يەچى ئارىلى ئوتتۇرىسىدىكى سۇ يولى ياپون دېڭىزىدىن تىنىچ ئوكيانغا كىرىپ چىقىدىغان جەنۇبىي دەرۋازا ھېساپلىنىدۇ. ئۇ شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇپقا قاراپ سوزۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇغى تەخمىنەن 220 كىلومېتىر، كەڭلىگى تەخمىنەن 50 كىلومېتىر، چوڭقۇرلۇغى 130 مېتىر كېلىدۇ. ئېكۋاتور تەرەپتىن كەلگەن مۇتىدىل ئېقىم بۇ يەر ئارقىلىق ياپون دېڭىزىغا كىرىپ، بۇ ئەتراپىنى سۇ مەھسۇلاتلىرى مول، دۇنيادىكى مەشھۇر بېلىقچىلىق مەيدانىغا ئايلاندۇرغان.

ياپونىيە دېڭىزىنىڭ بۇ جەنۇبىي دەرۋازىسى غەربىي جەنۇپتا جۇڭگونىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى شەرقىي دېڭىزغا، غەرپتە چېجۇ - دو بوغىزى ئارقىلىق سېرىق دېڭىزغا تۇتىشىدۇ، شەرقتە گۇەنمېن بوغىزى، سېتو ئىچكى دېڭىزى ئارقىلىق تىنىچ ئوكيانغا، شىمالدا ياپونىيە دېڭىزى، تاتار بوغىزى ئارقىلىق ئوخوتسكى دېڭىزىغا تۇتىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر سۇسما بوغىزىنى ياپونىيە دېڭىزىغا كىرىپ چىقىدىغان "بوغاز"، سۇسما ئارىلىنى بولسا بوغاز "قولۇپى" دەپ ئاتايدۇ.

زۇڭگۇ، جىنچىڭ ۋە سۇسما بوغىزى خۇددى 3 چوڭ دەرۋازىدەك ياپونىيە دېڭىزىغا كىرىپ چىقىدىغان ئېغىزنى تىزگىنلەپ تۇرغانلىقتىن، سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ 3 بوغازدىكى سۇ يولىنى تىزگىنلەش ۋە ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدا ئۆزىنىڭ تىنىچ ئوكيان پاراخوت ئەترىتىنىڭ دېڭىز ئېغىزىدا قامىلىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ھەمىشە ياپونىيىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى نەزەر - گۇزىرىگە ئىلماي، ياپونىيە خەلقىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىغا قارىماي، بۇ 3 بوغازنى ئۆزىنىڭ "ئىچكى دېڭىزى" قىلىۋېلىپ، ھەر خىل كېمە - پاراخوتلارنى ئەۋەتىش يولى بىلەن ھەيۋە قىلماقتا.



## مالاككا — تىنىچ ئوكيان بىلەن ھىندى ئوكيانىنى تۇتاشتۇرغۇچى بوغاز

مالاككا بوغىزى تىنىچ ئوكيان بىلەن ھىندى ئوكيانىنىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ، ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپا قىتئەلىرىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان بەلۋاغ. مالاككا بوغىزى مىلادى 7 -، 13 - ئەسىرلەردىلا، شەرق بىلەن غەرپنىڭ دېڭىز قاتنىشىدا زورۇر سۇ يولى بولۇپ قالغان. مىلادى 1405—1433 - يىللىرى مەملىكىتىمىزنىڭ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاتاقلىق دېڭىز ساياھەتچىسى جېڭ خې كېمىچىلەرنى باشلاپ 7 نۆۋەت غەرپكە بېرىپ، 30 نەچچە ئەلنى زىيارەت قىلغاندا، ئەنە شۇ يەردىن ئۆتكەن.

مالاككا بوغىزى مالاي يېرىم ئارىلى بىلەن ھىندونېزىيىنىڭ سۇماترا ئارىلى ئوتتۇرىسىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، مالاي يېرىم ئارىلىنىڭ قەدىمقى نامى — مالاككا بىلەن ئاتالغان. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇغى تەخمىنەن 800 كىلومېتىر كېلىدۇ، غەربىي - شىمالى كەڭرەك، شەرقىي - جەنۇبى تارراق بولۇپ، كانايغا ئوخشايدۇ، ئەڭ تار يېرىنىڭ كەڭلىگى 40 كىلومېتىر، سۈيىنىڭ چوڭقۇرلۇغى 25 مېتىردىن 113 مېتىرغىچە كېلىدۇ. پۈتۈن سۇ يولىنىڭ چوڭقۇرلۇغى ۋە كەڭلىگى ئوخشاش بولمىغانلىقى، ئارىلىقتا 30 نەچچە ئورۇن خەتەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، چوڭ تىپتىكى ماي پاراخوتلىرىنىڭ قاتنى-



www.uyghurkitap.com

شىغا ئەپسىز. بۇ بوغاز ئېكۋاتورنىڭ شامالسىز بەلۋېغىغا جايـ
لاشقان، ئادەتتە، شامال كۈچى ناھايىتى ئاجىز، دېڭىز ئېـ
قىمى ئاستا، تىنچ بوغاز ھېساپلىنىدۇ. بوغازنىڭ ئىككى قىرـ
غىقىدىكى يول كۆرسەتكۈچلەر ئېنىق، قاتناشقا ياردەم بېرىـ
دىغان ئۈسكۈنىلىرى مۇكەممەل. ئۇنىڭ شەرق تەرىپىدە پاراـ
خوتلار توختايدىغان، پاراخوتلارغا تەمىنات يەتكۈزۈپ بېرىـ
دىغان ۋە ئۇلارنى رېمونت قىلىدىغان دۇنيا بويىچە چوڭ
پورت ـ سىنگاپور بار. بۇ بوغازدا دېڭىز ترانسپورتى ئالـ
دىراش بولىدۇ. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ھەر يىلى 50 مىڭ
پاراخوت بۇ يەردىن ئۆتۈپ تۇرىدۇ، ئۇ، دۇنيادىكى يەر شاـ
رىنى ئايلىنىدىغان دېڭىز يولىنىڭ مۇھىم قىسمى ھېساپلىنىدۇ.
ياپونىيىگە ھەر يىلى كېرەك بولىدىغان نېفىتنىڭ 90 پىرـ
سەنتتىن كۆپرەگى ۋە ئافرىقا، جەنۇبىي ئاسيا ئىككىنچى
چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن ئىمپورت قىلىنىدىغان نۇرغۇن خام ئەشـ
يالار مالاككا بوغىزى ئارقىلىق توشۇلىدۇ.

مالاككا بوغىزى نۇرغۇن ۋەقەلەرنى ئۆز بېشىدىن كەـ
چۈردى. غەرپ مۇستەملىكىچىلىرى 16 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا
شەرققە قاراپ تاجاۋۇزچىلىق قىلىشقا كىرىشكەندىن بۇيان
كېڭەيمىچىلىك ۋە بۇلاڭچىلىق قىلىش مەقسىدىدە، مالاككا
بوغىزىنى ئىشغال قىلىۋېلىش كۈرىشىنى زادى توختاتمىدى.
مالاككا بوغىزىنى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ پورتۇگالىيە، گوللانـ
دىيە، ئەنگلىيە ۋە ياپونىيىلەر بېسىۋالدى، ئۇ، ئىككىنچى دۇنيا
ئۇرۇشىدىن كېيىنلا، قىرغاقتىكى مەملىكەتلەرنىڭ ئىلكىگە قايتىپ
كەلدى. ئەمما، 70 ـ يىللاردىن بۇيان، سوۋېت ئىتتىپاقى
ئاسيا ۋە تىنچ ئوكيان رايونىدا ئۆزىنىڭ ھوكۇمرانلىقىنى
كۈچەيتىش ئۈچۈن، مالاككا بوغىزىنى كونترول قىلىۋېلىش



كويىدا بولۇپ كەلمەكتە. 1971 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈـ
نى مالايشيا، سىنگاپور، ھىندونېزىيىدىن ئىبارەت 3 ئىگـ
لىك دۆلەت بىرلەشمە بايانات ئېلان قىلىپ، مالاككا ـ سىنـ
گاپور بوغىزىنى بىرلىكتە ئىدارە قىلىدىغانلىقىنى جاكالىدى
ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى بازارغا سالغان "مالاككا بوغىزىنى
خەلقارالاشتۇرۇش" قا قەتئىي قارشى تۇردى؛ بۇ 3 دۆلەت
1977 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى يەنە "مالاككا ۋە سىنـ
گاپور بوغىزىدا بىخەتەر قاتناش توغرىسىدىكى 3 دۆلەت كېـ
لىشىمى" نى ئىمزالاپ، بوغازدىن ئۆتىدىغان ماي پاراخوتلىـ
رىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى، قاتناش سۈرئىتى ۋە قاتناشتا دىقـ
قەت قىلىدىغان ئىشلارنى بەلگىلىدى.

## خەلقارا نېفىت يولى ـ خورمۇز بوغىزى

مالاككا بوغىزىدىن ئۆتۈپ، ھىندى ئوكيان، ئەرەپ
دېڭىزى ئارقىلىق شىمالغا قاراپ ماڭغاندا، پارس قولتۇقىغا
بارغىلى بولىدۇ. خورمۇز بوغىزى دېڭىز قولتۇقىنىڭ ئېغىزىنى
تىزگىنلەپ تۇرغان بولۇپ، دۇنيانى نېفىت بىلەن تەمىنلەشـ
تىكى "ھايات ـ مامات بويۇن تومۇرى" دەپ قارالماقتا.
"خورمۇز" پارسچە سۆز بولۇپ، "نۇرخۇداسى" دىگەن مەنىـ
نى بىلدۈرىدۇ. ئەرەپ تەمسىللىرىدە: "دۇنيا بىر تال ئۈزۈك
بولغان بولسا، خورمۇز ئۇنىڭغا ئورنىتىلغان ياقۇت" دىگەن
گەپ بار. خورمۇز بوغىزىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا ئىران، جەـ
نۇبىدا ئومان، ئوتتۇرىسىدا كېشىم ئارىلى، خورمۇز ئارىلى ۋە
خاجا ئارىلى بار. بوغازنىڭ كەڭلىكى 64 كىلومېتىردىن
97 كىلومېتىرغىچە كېلىدۇ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 150 كىـ

لومېتىر بولۇپ، ئەڭ تار يېرى 48·3 كىلومېتىر، ئەڭ چوڭقۇر يېرى 219 مېتىر، ئەڭ تېيىز يېرى 71 مېتىر كېلىدۇ. خورمۇز بوغۇزىدىكى سۇنىڭ پۈتۈن يىللىق تېمپېراتۇرىسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 26·6 گرادۇس بولىدۇ. كېلىپ-كېتىپ تۇرىدىغان پاراخوتلاردىن تاشقىرى، بوغازنىڭ ئىككى قىرغىقىدا توختايدىغان دەرىجىدىن تاشقىرى ماي پاراخوتلىرىلا ھەمىشە 24 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سوزۇلۇپ تۇرىدۇ.

پارس قولتۇقىدىكى دۆلەتلەر ئىشلەپچىقارغان تەخمىنەن 20 مىليون تۇڭ نېفىت قاچىلانغان 200 گە يېقىن پاراخوت ھەر كۈنى خورمۇز بوغۇزىدىن ئۆتۈپ تۇرىدۇ. بۇ پاراخوتلار ئۈچ دېڭىز يولىنى بويلاپ، دولقۇنلاپ تۇرغان دېڭىز-ئوكياندا كېچە-كۈندۈز قاتناپ، 70 پىرسەنت نېفىت ئىمپورت قىلىدىغان غەربىي ياۋروپانى، 90 پىرسەنت نېفىت ئىمپورت قىلىدىغان ياپونىيىنى، 30 پىرسەنتتىن ئارتۇق نېفىت ئىمپورت قىلىدىغان ئامېرىكىنى قامداپ تۇرىدۇ. بۇ ئۈچ دېڭىز يولى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: غەرپتە ئەدەن قولتۇقى، ئەلمەندەب بوغۇزى، قىزىل دېڭىز، سۇۋەيش قانىلى ۋە ئوتتۇرا دېڭىزدىن ئۆتۈپ، جەبىلتارىق بوغۇزى بىلەن ئاتلانتىك ئوكيان ئارقىلىق غەربىي ياۋروپا ئەللىرىگە بارىدۇ؛ جەنۇپتا ھىندى ئوكيان ئارقىلىق سومالى قاتارلىق شەرقىي ئافرىقا ئەللىرىنى بويلاپ، موزامبىك بوغۇزى بىلەن ياخشى ئۈمىت تۇمشۇقىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئاتلانتىك ئوكيان ئارقىلىق ئامېرىكىغا بارىدۇ. شەرقتە ھىندى ئوكيان ئارقىلىق مالاككا بوغۇزىدىن ئۆتۈپ، تىنچ ئوكيان بىلەن ياپونىيىگە بارىدۇ. ئامېرىكىدا چىقىدىغان «سودا ھەپتىلىك ژورنىلى»نىڭ پەرىزىچە، ئامېرىكا بىلەن غەربىي ياۋروپا بۈگۈندىن كېيىنكى 10 يىل ئىچىدە، پارس قولتۇقىنىڭ نېفى-



www.uyghurkitap.com

تىغا تېخىمۇ كۆپ تايىنىدىكەن. 80-يىللاردا، ھەر يىلى 24 مىڭ پاراخوت-قېتىملىق ماي پاراخوتلىرى خورمۇز بوغۇزىدىن ئۆتۈپ تۇرىدىكەن. ئامېرىكا پارس قولتۇقىنى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئۆزىنىڭ ۋە ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ "نېفىت غەزنىسى"، خورمۇز بوغۇزىنى بولسا نېفىت ئېقىپ چىقىدىغان "باش قاپقاق"، ئەلمەندەب بوغۇزى، ياخشى ئۈمىت تۇمشۇقى، مالاككا بوغۇزىدىن ئۆتىدىغان دېڭىز يولىنى بولسا بۇ نېفىتلارنى توشۇيدىغان "جان تومۇرى" دەپ قاراپ كەلمەكتە.

دېڭىز قولتۇقى رايونىدىكى نېفىت بايلىقىغا نىسبەتەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خېلى بۇرۇندىلا ئىچى ئاداپ كەلگەن ئىدى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى دۇنياغا زومىگەرلىك قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشىش، غەرپ ئەللىرىگە زورۇر بولغان نېفىتنىڭ "جان تومۇرى"نى كېسىپ تاشلاش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى 1979-يىل 12-ئاينىڭ 27-كۈنى ئوكتەملىك بىلەن 100 مىڭ ئەسكەر چىقىرىپ، ئافغانىستانغا قوراللىق مۇداخىلە يۈرگۈزۈپ، بوغاز رايونىدا ۋە پۈتۈن خەلقارا ۋەزىيەتتە ئەنسىزلىك پەيدا قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زومىگەرلىك كېڭەيمىچىلىكىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئامېرىكا پارس قولتۇقىنى "بىرىنچى دەرىجىلىك خەۋپلىك رايون"غا ئايرىدى ھەمدە بوغاز رايونىدا ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۈچەيتتى، بۇ ئەھۋال خورمۇز بوغۇزىدىكى ئوق-دورا ھىدىنى بارغانسېرى قويۇقلاشتۇرۇۋەتتى.

## "ياش دەرۋازىسى" ئەلمەندەب بوغۇزى

ھىندى ئوكيان، ئەرەب دېڭىزىنى بويلاپ غەرپكە ماڭ-

غاندا، ئەلمەندېب بوغىزى ئارقىلىق قىزىل دېڭىزغا كىرگىلى بولىدۇ. 1975-يىلى سۇۋەيش قانىلىنىڭ يېڭىۋاشتىن ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەلمەندېب بوغىزى يەنە مۇھىم بولۇپ قالدى، يىراق ئوكيان پاراخوتلىرى قانال توسىلىپ قېلىشتىن بۇرۇنقىغا قارىغاندا بىر باراۋەر كۆپىيىپ، دېڭىز قولتۇقىدىكى خورمۇز بوغىزى بىلەن بىللە دېڭىز يولى نېفىت تىرانسپورتىنىڭ بوغىزى بولۇپ قالدى.

ئەلمەندېب بوغىزى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئارال — ئەرەب يېرىم ئارىلى بىلەن ئافرىقا قۇرۇقلۇقى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، ئۇنىڭ ئېغىزىدىكى پېرىم ئارىلى بوغازنى ئىككىگە بۆلۈپ تۇرىدۇ، بوغازدا سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى تەخمىنەن 150 مېتىر كېلىدۇ، شەرقىي سۇ يولىنىڭ كەڭلىكى 3·2 كىلومېتىر بولۇپ، مۇھىم سۇ يولى ھېسابلىنىدۇ؛ غەربىي سۇ يولىنىڭ كەڭلىكى 28·8 كىلومېتىر بولۇپ، يوشۇرۇن خادا تاشلار كۆپ، قاتناشقا قولايسىز. بۇنىڭدىن باشقا، ئافرىقا تەرەپتىكى قىرغاقتا يېقىن جايدا، يەتتە ئاكا-ئۇكا تاقىم ئاراللىرى دەپ ئاتىلىدىغان سوۋابى تاقىم ئارىلى بار. ئەلمەندېب بوغىزى — ئاسىيا ھەمدە ئوتتۇرا دېڭىز رايونى بىلەن ياۋروپا ئارىلىقىدىكى دېڭىز قاتنىشىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەر يىلى مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن پاراخوتلار بۇ يەردىن ئۆتۈپ تۇرىدۇ.

ئەلمەندېب بوغىزىنىڭ تولۇق نامى — بابېل ئەلمەندېب بولۇپ، ئەرەبچە "ياش دەرۋازىسى" دېگەن بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ھىندى ئوكيان بىلەن قىزىل دېڭىز ئارىلىقىدا قاتنايدىغان كېمىچىلەر بۇ يەردىن ئۆتكەندە، تىك يار، چوڭقۇر ھاڭلاردىن كىشىلەرنى



ئىختىيارسىز يىغلىتىۋېتىدىغان بىر خىل ئېچىنىشلىق، قورقۇنچلۇق ئاۋاز ئاڭلىنىدىكەن.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەلمەندېب بوغىزىنى كونترول قىلىۋېلىش، ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپا قىتئەلىرىگە بولغان زومىگەرلىك ھوقۇقىنى ئورنىتىش ئۈچۈن، بۇ يەرنى ئامېرىكا بىلەن قاتتىق تالىشىۋاتىدۇ. ئۇ يەنە ھەر خىل ئالدامچىلىق ۋە قىزغۇتۇش ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىپ، بۇ رايوندىكى مەملىكەتلەرنى سىياسىي جەھەتتە كونترول قىلىۋېلىش، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۇلارغا سىڭىپ كىرىش ھەمدە بۇ دۆلەتلەرنىڭ پورتلىرىنى ھەربىي بازا قىلىۋېلىش قەستىدە بولۇپ كەلدى.

## ئەڭ باس-باس دېڭىز يوللىرىدىن بىرى — موزامبىك بوغىزى

ھىندى ئوكيان ئارقىلىق جەنۇبقا قاراپ ماڭغاندا، ئافرىقا قۇرۇقلۇقىنىڭ شەرقىي دېڭىز قىرغىقى بىلەن ماداغاسقار ئارىلى ئوتتۇرىسىدا كەڭ ۋە چوڭقۇر موزامبىك بوغىزى بار. ئۇنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي قىسمى كەڭ، ئوتتۇرىسى تار بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 1 مىڭ 670 كىلومېتىر، ئەڭ كەڭ يېرى 960 كىلومېتىر، ئەڭ تار يېرى 386 كىلومېتىر، ئەڭ چوڭقۇر يېرى 3 مىڭ 500 نەچچە مېتىر كېلىدۇ.

موزامبىك بوغىزى — ھىندى ئوكياندىن ياخشى ئۈمىت تۇمشۇقىنى ئەگىپ ئۆتۈپ، ئاتلانتىك ئوكيانغا بارىدىغان دېڭىز يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى. سۇۋەيش قانىلى ئېچىلىشتىن ئىلگىرى، موزامبىك بوغىزى مۇھىم دېڭىز يولى ئىدى. سۇ-

ۋەيىش قانىلىدا قاتناش بولۇۋاتقان ھازىرقى ئەھۋالدىمۇ، ھەر يىلى 25 مىڭدىن ئارتۇق پاراخوت مۇشۇ بوغازدىن ئۆتۈپ تۇرىدۇ، ئۇ ھىلىمۇ دۇنيادىكى ئەڭ باس-باس دېڭىز يوللىرىدىن بىرى ھېساپلىنىدۇ. غەربىي ياۋروپادىكى مەملىكەتلەرگە كېرەكلىك نېفىتنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى دەرىجىدىن تاشقىرى ماي پاراخوتلىرى بىلەن مۇشۇ يەر ئارقىلىق توشۇلىدۇ؛ يىمەكلىكلەرنىڭ تۆتتىن بىر قىسمى مۇشۇ يەر ئارقىلىق يەتكۈزۈلىدۇ؛ ئامېرىكىغا كېرەكلىك پۈتۈن نېفىتنىڭ بەشتىن بىر قىسمىمۇ مۇشۇ يەر ئارقىلىق توشۇلىدۇ.

## قارا دېڭىزنىڭ چىقىش ئېغىزى — بوسفور بوغىزى بىلەن داردانېل بوغىزى

بوسفور بوغىزى بىلەن داردانېل بوغىزى ياۋروپا بىلەن ئاسىيانىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، قارا دېڭىزدىن ئوتتۇرا دېڭىزغا چىقىشتا مۇقەررەر ئۆتىدىغان يول ھېساپلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم.

بوسفور بوغىزى قارا دېڭىز بىلەن مەرمەر دېڭىزى ئوتتۇرىسىدىكى بوغاز بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 30 كىلومېتىر، كەڭلىكى 800 مېتىردىن 2 مىڭ 400 مېتىرغىچە، ئەڭ چوڭقۇر يېرى 80 مېتىر، ئەڭ تېيىز يېرى 27·5 مېتىر كېلىدۇ. بوسفور بوغىزىنى كېسىپ ئۆتىدىغان، ئۇزۇنلۇقى 1 مىڭ 560 مېتىر، كەڭلىكى 63 مېتىر كېلىدىغان زامانىۋى تاشيول كۆۋرۈكى 1973-يىلى پۈتتى، بوغاز ناھايىتى مەنزىرىلىك، كۆۋرۈك ئىنتايىن ھەيۋەتلىك بولۇپ تولىمۇ گۈزەل كۆرۈنىدۇ.



"بوسفور" دېگەن سۆز "كالا كېچىكى" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا، يۇنان ئەپسانىلىرى بىلەن رىۋايەتلىرىدە مۇنداق خاتىرىلەر بار: خۇدالارنىڭ خۇداسى — زېئۇس ھېكمەتلىك كالىغا ئايلىنىپ، ئاگېنور پادىشانىڭ قىزى ياۋروپانى مىنگۈزۈپ، بوغازدىن ئۈزۈپ ئۆتۈپ، ئاسىيادىن ياۋروپاغا بارغانمىش، بۇ بوغاز بوسفور بوغىزى ئىكەن.

داردانېل بوغىزى — مەرمەر دېڭىزى بىلەن ئېگېي دېڭىزى ھەمدە ئوتتۇرا دېڭىزنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان مۇھىم قاتناش يولى، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 65 كىلومېتىر، كەڭلىگى 1300 مېتىردىن 7500 مېتىرغىچە بولۇپ، چوڭقۇرلۇقى 57·5 مېتىر كېلىدۇ.

بوسفور بوغىزى، مەرمەر دېڭىزى ۋە داردانېل بوغىزىنى قوشۇپ قارا دېڭىز بوغىزى دەپ ئاتىغۇچىلارمۇ بار، ئۇنىڭ ئومۇمى ئۇزۇنلۇقى 375 كىلومېتىر كېلىدۇ، قارا دېڭىز بوغىزىنىڭ سۈيىدىن قارىغاندا، قارا دېڭىزنىڭ سۈيى ئوتتۇرا دېڭىزغا ئېقىپ كىرىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ؛ ئەمما، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ سۈيى قارا دېڭىزنىڭ سۈيىدىن شورلۇق، زىچ ۋە بېسىمى يۇقۇرى بولغانلىقتىن، بوغازنىڭ ئاستىن قاتلىمىدىكى دېڭىز سۈيىنىڭ ئېقىشى دېڭىز يۈزىدىكى ئېقىنىنىڭ ئەكسى بولۇپ، ئوتتۇرا دېڭىزدىن قارا دېڭىزغا قاراپ ئاقىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بوغاز ئاستىنىڭ چوڭقۇر ۋە تېيىزلىغىدىكى پەرقلەر قاتارلىق ئامىللار تۈپەيلىدىن، بىر خىل مۇرەككەپ، يوشۇرۇن تەتۈر ئېقىن پەيدا بولغان. قارا دېڭىز بوغىزىنىڭ ئىككى قىرغىقىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى تۈركىيىگە تەۋە، قارا دېڭىز بوغىزىدا قاتنايدىغان پاراخوتلار 1936-



www.uyghurkitap.com

يىلى مونترېيدا ئىمزالانغان خەلقارا كېلىشىمدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە قاتنايدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقى قارا دېڭىزدىن چىقىش ئېغىزىنا يىرتقۇچ ھايۋاندەك خىرىس قىلىپ، "جەنۇپتىكى ئىسسىق ئوكيان" غا ئىگە بولۇش يولىدىكى شىرىن چۈشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى كېچە-كۈندۈز ئارزۇ قىلىپ كەلمەكتە. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۇ ئۆزىنىڭ ھەر خىل ھەربى پاراخوتلىرىنى داۋاملىق قارا دېڭىز بوغىزىغا ئەۋەتىپ تۇرماقتا، 1976-يىلى بوغازدىن ئۆتكەن چەتئەل ھەربى پاراخوتلىرى جەمئى 238 بولۇپ، بۇلار ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربى پاراخوتلىرى 228 گە يەتكەن. سوۋېت ئىتتىپاقى تېخى مونترېي خەلقارا كېلىشىمىدە بۇ يەردىن ئۆتىدىغان پاراخوتلار توغرىسىدا بەلگىلەنگەن بەلگىلىمىلەرنى مەنسىتمەي، ئۆزىنىڭ ئاۋىئاتكىلىرىنى ھەدەپ بوغاز ئارقىلىق ئوتتۇرا دېڭىزغا ئەۋەتتى.

## ئوتتۇرا دېڭىزدىن چىقىش ئېغىزى — جەبىلتارىق بوغىزى

جەبىلتارىق بوغىزى — ئوتتۇرا دېڭىزدىن ئاتلانتىك ئوكيانغا چىقىدىغان بىردىن-بىر غەربىي ئېغىز. ئۇ، ئىسپانىيىنىڭ ئەڭ جەنۇبىي قىسمى بىلەن ماراكەشنىڭ ئەڭ شىمالىي قىسمىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، پۈتۈن بوغازنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 90 كىلومېتىر بولۇپ، شەرق تەرىپى تار، غەرپ تەرىپى كەڭ، ئەڭ كەڭ يېرى 43 كىلومېتىر، ئەڭ تار يېرى ئاران 14 كىلومېتىر كېلىدۇ. غەربىي



ياۋروپا ئىمپورت قىلىدىغان نېفىت، خام ئەشيالار، ئېكسپورت قىلىدىغان ماللارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مۇشۇ يەر ئارقىلىق توشۇلىدۇ. بۇ بوغاز قامال قىلىنغان ھامان، پۈتكۈل غەربىي ياۋروپانىڭ ئىقتىسادى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ياۋروپادىن چىققان ھەر خىل پاراخوتلار بۇ بوغاز ئارقىلىق شەرقتە ھىندى ئوكيانغا بارسا، ئاتلانتىك ئوكيان ئارقىلىق ئافرىقىدىكى ياخشى ئۈمىت تۇمشۇقىنى ئايلىنىپ ھىندى ئوكيانغا كەلگەنگە قارىغاندا، قاتناش مۇساپىسى 10 مىڭ كىلومېتىر ئۆپچۆرىسىدە قىسقىرايدۇ.

جەبىلتارىق بوغىزىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدىكى جەبىلتارىق پورتى بىلەن سىبودا (سېئۇتا) بىر بىرىگە قارىشىپ، خۇددى بىر جۈپ كۆزدەك، بوغازغا كىرىپ چىقىدىغان ئېغىزغا كۆز تىكىپ تۇرىدۇ. يېقىنقى زامان تارىخىدا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئىسپانىيە قاتارلىق دۆلەتلەر جەبىلتارىق پورتىنى بىرنەچچە قېتىم تالىشىپ باقتى، ھازىر ئۇ ئەنگلىيىنىڭ قولىدا.

سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ بوغازنىڭ دېڭىزغا چىقىش ئېغىزىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، ئىسپانىيىگە سىڭىپ كىرىشنى كۈچەيتكەن ئىدى. 1977-يىل 2-ئايدا، ئىسپانىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن بۇيان، ئىسپانىيە ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بەش نەپەر جاسۇسىنى قوغلاپ چىقاردى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىسپانىيىنىڭ جەبىلتارىق بوغىزىغا يېقىن ئالگېسىراس پورتىدا ئاتالمىش "سودا-بېلىقچىلىق بازىسى" قۇرۇشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا دېڭىزدا دائىمى تۇرۇشلۇق تارماق پاراخوت ئەترىتىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ،

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ پائالىيەت دائىرىسىنى شەرقىي ئوتتۇرا دېڭىزدىن غەربىي ئوتتۇرا دېڭىزغىچە كېڭەيتىپ، ياۋروپانى يان تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئېلىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۇردى. غەرپ جامائەتچىلىكى: "ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا دېڭىزنى كونتۇرۇل قىلىۋالىدىغان بولسا، ئۇ ياۋروپانى يېقىلغۇ جەھەتتىن كونتۇرۇل قىلىۋالىدۇ" دەپ كۆرسەتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكىنىڭ دۇنيادىكى بوغازلارنى تالىشىشىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۇجۇم ھالىتىدە، ئامېرىكا مۇداپىئە ھالىتىدە تۇرماقتا. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۇنيادىكى بوغازلارنى كونتۇرۇل قىلىشقا پالاقشىشىدىكى سەۋەپ شۇكى، ئۇ قۇرۇقلۇق دۆلىتى، ئۇنىڭ شىمالىدىكى، بالتىق دېڭىزىدىكى، قارا دېڭىز ۋە تىنچ ئوكياندىكى 4 پاراخوت ئەترىتى ئىچىدە، 3 پاراخوت ئەترىتىنىڭ دېڭىزغا چىقىش ئېغىزى ئۇنىڭ قولىدا ئەمەس. سوۋېت ئىتتىپاقى پۈتۈن دۇنيادا زومىگەرلىك قىلماقچى بولىدىكەن، ئاۋۋال بوغازلارنى كونتۇرۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ شىمال پاراخوت ئەترىتى، بالتىق دېڭىزى پاراخودى ئەترىتى، قارا دېڭىز پاراخوت ئەترىتى ۋە تىنچ ئوكيان پاراخوت ئەترەتلىرىنى يىراقتىن ھەمدەم بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى ھەمدە ئۇلارنى تۇتاشتۇرۇپ، ياۋروپاغا قىسىپ ھۇجۇم قىلىش، ئافرىقىنى تىزگىنلەش، ئاسىياغا قىستاپ كىرىش ھالىتىنى شەكىللەندۇرۇشى لازىم.

ھازىر، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋيېتنامنىڭ كامبودژىغا قىلغان تاجاۋۇزىنى قوللاشتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ دېڭىز، ھاۋا ئارمىيىسىنى ۋلادىۋوستوكتىن سىيام قولتۇقىغا ئېلىپ كېلىپ، مالاككا بوغىزىنىڭ شەرقىي ئېغىزىنى كونتۇرۇل قىلىۋالدى. ئۇ يەنە بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، ئەلمەندىب بوغىزى



ئەتراپىدىمۇ دېڭىز، ھاۋا ئارمىيە بازىسى قۇردى. سوۋېت ئىتتىپاقى 1979 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئافغانىستانغا قوراللىق تاجاۋۇز قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنى يەنە غەرپتە ئىرانغا، شەرقتە پاكىستانغا ئىستراتېگىيىلىك يۈرۈش قىلىش ھالىتىدە تۇتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي كۈچىنىڭ قەدىمى ئەرەپ دېڭىزى ياكى خورمۇز بوغىزىغا يەتكەن ھامان، پارس قولتۇقىدىن غەرپكە توشۇلىدىغان نېفىتنىڭ "جان تومۇرى"غا توغرىدىن - توغرا تەھدىت سېلىپلا قالماي، بەلكى مالاككا بوغىزى، ئەلمەندىب بوغىزىمۇ ئۇنىڭ چونتىگىدىكى نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقى بوغازلارنى تالىشىش كۈرىشىدە ئارقا - ئارقىدىن دولقۇن چىقىرىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ، بۇ بوغازلار بويىدىكى دۆلەتلەر ۋە دۇنيا خەلقىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زومىگەرلىكىگە قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرەش بۇژغۇنلىرىنى زادىلا بېسىپ كېتەلمىدى.

# 7 قىتئە، 4 ئوكيان نامىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى

دۇنيادا يەر نامىلىرى ئىنتايىن نۇرغۇن، مەسىلەن، دۆلەتلەر، شەھەرلەر، دەريالار، دېڭىز - ئوكيانلار، تاغ، ئېدىرلار ۋاھاكازالارنىڭ ھەممىسىنىڭ نامى بار، بۇلارنىڭ ھەممىسى "يەر نامىلىرى" دائىرىسىگە كىرىدۇ. كىشىلەرنىڭ تەخمىنەن ھېساپلاپ چىقىشىچە، نەچچە مىليارت خىلمۇ-خىل يەر نامىلىرى بار ئىكەن، كىچىك يەر نامىلىرىنى قويۇپ تۇرغاندىمۇ، مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان چوڭ يەر نامىلىرى بار.

ئەمەلىيەتتە، ھەر خىل يەر نامىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى، ئۆزىگە خاس مەنىسى بار. ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى ۋە مەزمۇنىنى چۈشەنگەندە، ئوقۇش ئوڭاي بولۇپلا قالماي، ئەستە قالدۇرۇشمۇ ئاسان بولىدۇ. دۇنيادىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ ئەھۋالىنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشىنىپ، بىلىمىمىزنى بېيىتىش، نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىش ئۈچۈن يەر نامىلىرىغا ئائىت تېخىمۇ كۆپ بىلىملەرنى چۈشىنىۋېلىشىمىز لازىم.

دۇنيادىكى يەر نامىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى ۋە مەنىسى ناھايىتى مۇرەككەپ، مەزمۇنى خىلمۇ-خىل بولۇپ، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. تۆۋەندە دۇنيادىكى ھەرقايسى قىتئەلەر، ئوكيانلارنىڭ نامى ئۈستىدە قىسقىچە



توختىلىپ ئۆتىمىز.

دۇنيادا 7 قىتئە، 4 ئوكيان بار. بەزى قىتئەلەرنىڭ نامى ناھايىتى قەدىمىي تارىختا ئىگە، بەزىلىرىنىڭ تارىخى قىسقىراق. مەسىلەن، ئاسىيا ۋە ياۋروپا دېگەن بۇ ئىككى نام ھازىرقى يازما تەكشۈرۈشلەردىن قارىغاندا، نەچچە مىڭ يىللىق تارىختا ئىگە. ئۇلار ھەممىدىن بۇرۇن ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا ياشىغان پېنىكلارنىڭ تىلىدا بارلىققا كەلگەن. پېنىكلار ھازىرقى لىۋان، سۈرىيە تەراپلىرىدا ياشىغان. ئاسىيا — "كۈن چىققان يەر" دېگەن مەنىنى، ياۋروپا — "كۈن پاتقان يەر" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. پېنىكلارنىڭ نەزىرىدە، ئاسىيا رايونى ئۇلارنىڭ شەرقىي تەرىپىدە بولۇپ، كۈن ئەنە شۇ يەردىن چىقىدۇ؛ ياۋروپا رايونى ئۇلارنىڭ غەرپ تەرىپىدە بولۇپ، كۈن ئەنە شۇ تەرەپتە پاتىدۇ، شۇ سەۋەپتىن، بۇ ئىككى قىتئەنى شۇنداق ئاتىغان. پېنىكلار كۆزدە تۇتقان ئاسىيا ۋە ياۋروپانىڭ دائىرىسى ناھايىتى كىچىك ئىدى، كېيىن تەدرىجىي ھالدا ھازىرقى دائىرىسىگىچە كېڭەيدى. ئەمما، ئاسىيا بىلەن ياۋروپا تۇتاش بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بىر قۇرۇقلۇق. ياۋروپا مۇشۇ قۇرۇقلۇقتىكى چوڭ يېرىم ئارال ھېساپلىنىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر بەزىدە ئۇلارنى قوشۇپ ئاسىيا، ياۋروپا قۇرۇقلۇقى دەپ ئاتايدۇ. چەتئەل تىلىدىكى ئاۋرو- ئاسىيا — ياۋروپا بىلەن ئاسىيادىن ئىبارەت ئىككى ئىسىمنىڭ قىسقارتىپ قوشۇپ ئوقۇلۇشى.

ئافرىقا دېگەن ئىسىم كېيىنرەك كېلىپ چىققان بولسىمۇ، ئىككى مىڭ يىلدىن كۆپرەك تارىختا ئىگە. بۇ نام رىم ئىمپېرىيىسى بۇ قۇرۇقلۇقنىڭ ئوتتۇرا دېڭىز بويىدىكى

رايونلىرىنى بويسۇندۇرۇۋالغاندىن كېيىن، شۇ يەردىكى بىر
قەبىلىنىڭ نامىغا ئاساسەن قويۇلغان. يەنە بىر ئېيتىلىشىچە،
"ئافرىقا" دېگەن سۆز لاتىنچىدىن كەلگەن بولۇپ، "كۈن
نۇرى لاۋۇلداپ تۇرىدۇ" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئامېرىكا قىتئەسى جەنۇبىي ئامېرىكا ۋە شىمالىي
ئامېرىكا دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئامېرىكا قىتئەسى يەر
شارىنىڭ غەربىي يېرىمىدا بولۇپ، يەر شارىنىڭ شەرقىي
يېرىمىدىكى ئاسىيا - ياۋروپا ۋە ئافرىقا قىتئەلىرىدىن يىراق
بولغانلىقى، ئۇزئارا مۇناسىۋەت بولمىغانلىقى، 15 - ئەسىرنىڭ
ئاخىرىدا ئىتالىيان كولومبو دېڭىز ساياھىتى قىلىپ ئامېرىكا
قىتئەسىگە كەلگەنلىكى ئۈچۈن، تارىختا كولومبو تاپقان
يېڭى قۇرۇقلۇق دېيىلىپ كەلگەن. ئەمما، ئامېرىكا قىتئە-
سىگە نېمە ئۈچۈن كولومبو قىتئەسى دەپ مۇشۇ ئاتاقلىق
ساياھەتچىنىڭ نامى بېرىلمىگەن؟ بۇنىڭغا تامامەن بىر
تاسادىپىي ۋەقە سەۋەپ بولغان. ئەسلىدە، شۇ چاغلاردا
ئامېرىكا ۋىسپۇچ ئىسىملىك بىر كىشى بولۇپ، كولومبو بىلەن
تەڭ دىمەتلىك، بىر يۇرتلۇق، ئىككىلىسى شىمالىي ئىتالى-
يىلىك ئىكەن. ئۇ دوستىغا 16 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا
ھازىرقى جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ شەرقىي - شىمالىي دېڭىز
بويىدىكى جايلارغا بارغانلىقى توغرىسىدا خەت يازغان. خەت
ناھايىتى مۇجمەل بولۇپ، تەپسىلىي يېزىلمىغان، ناھايىتى
گۇمانلىق ئىكەن، راستىمكىن دەي دىسە، ئۇ ئامېرىكا قىتئەسىگە
كولومبودىن 10 نەچچە يىل كېيىن بارغان، ئامېرىكا قىت-
ئەسىنى تاپقان بۇ توھپە ئۇنىڭغا مۇناسىپمۇ كەلمەيدۇ.
ئەمما، گېرمانىيىلىك ۋاسمىيول دېگەن گېوگراف ۋە خەرىتە-
شۇناس بۇ خەتتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، بۇنى چوڭ



www.uyghurkitap.com

بىر خەۋەر بىلىپ، يېزىۋاتقان كىتاۋىدا بۇ ئىشنى ئالاھىدە
تىلغا ئالغان، كىتاپتىكى خەرىتىگە مۇشۇنداق بىر پارچە يې-
نىمۇ چۈشۈرگەن ھەمدە بۇنىڭغا ھىلىقى ۋىسپۇچىنىڭ
نامىنى بېرىپ، لاتىنچە: ئامېرىكا دەپ ئىزاھلاپ قويغان.
كېيىن، بۇ يېڭى قۇرۇقلۇقنى تاپقان كىشى ۋىسپۇچ ئەمەس،
بەلكى كولومبو ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئامېرىكا
دېگەن ئىسىم ئومۇملىشىپ قالغانلىقتىن، قايتا ئۆزگەرتىۋالال-
ماي قالغان.

تىنچ ئوكيان بىلەن ھىندى ئوكيان ئوتتۇرىسىدىكى
قۇرۇقلۇق ئاۋستىرالىيە دەپ ئاتىلىدۇ، بەزىدە ئاۋسترا-
لىيە قىتئەسىمۇ دېيىلىدۇ. بۇ نام ئەسلىدە لاتىنچىدىن
كەلگەن بولۇپ، "جەنۇپتىكى" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.
قەدىمقى زاماندا مىسىرنىڭ ئالېكساندىرىيە شەھرىدىكى
خەرىتەشۇناس پتولمائېوس دۇنيا خەرىتىسىنى سىزغاندا،
ھىندى ئوكيانىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە چوڭ بىر پارچە قۇ-
رۇقلۇق دائىرىسىنى سىزىپ، ئەنە شۇنداق بىر ئىسىمنى
يېزىپ قويغان. 17 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ياۋروپالىقلار
ئاۋستىرالىيىنى تاپقاندىن كېيىن، قەدىمقى خەرىتىدە سىز-
ىلغان قۇرۇقلۇق شۇ بولسا كېرەك دەپ قاراپ، ئاشۇ
ئىسىمنى قويۇپ قويغان. ئەمىلىيەتتە، بۇ نام ئانتاركتىكىغا
قويۇلۇشى كېرەك ئىدى. چۈنكى ئانتاركتىكا ھەقىقى "جە-
نۇپتىكى قۇرۇقلۇق". بىراق ئانتاركتىكا ئاۋستىرالىيىدىن
100 نەچچە يىل كېيىن تېپىلغانلىقتىن، بۇ نامىمۇ ئۆز-
گەرتىۋېلىشقا بولماي قالغان. ئاۋستىرالىيە دېگەن نام ئەنە
شۇنداق داۋاملىشىپ كەلگەن. ئوكيانىيە — ئاۋستىرالىيە ۋە
تىنچ ئوكيانىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى چوڭ - كىچىك مىڭلىغان،

تۇمەنلىگەن ئارالنىڭ قوشۇپ ئاتىلىشى. ئوكيانىسىيەدىكى "ئوكيان" دېگەن سۆز تىنچ ئوكياندىكى "ئوكيان" سۆزىدىن كەلگەن. بۇ نامنى ئەڭ ئاۋال بىرگوللاند 19 - ئەسىرنىڭ بېشىدا ئوتتۇرىغا قويغاندىن تارتىپ ھېساپلىغاندا، ئۇ 200 يىللىق تارىخقا ئىگە. "ئانتاركتىكا" دېگەن نامغا كەلسەك، ئۇنىڭ مەزمۇنى ئېنىق، بۇ يەردە سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز.

دۇنيادىكى 4 ئوكيان ئىچىدە، تىنچ ئوكيان ھەممىدىن چوڭ. تىنچ ئوكياننىڭ دەسلەپتە بىرلىككە كەلگەن نامى يوق ئىدى، مەملىكىتىمىزدە، قەدىمقى زاماندا تومتاقلا "دېڭىز"، "كۆك دېڭىز"، "شەرقىي دېڭىز" ۋاھاكازا دەپ ئاتالغان. ھازىرقى نامنى پورتۇگالىيىلىك دېڭىز ساياھەتچىسى ماگېللان قويغان. 17 - ئەسىرنىڭ بېشىدا، بۇ قارام يول ئاچقۇچى ساياھەتچى بىرنەچچە يەلكەنلىك كېمىنى باشلاپ، ئاتلانتىك ئوكياننى توغرا كېسىپ ئۆتۈپ، شەرقتىن جەنۇپقا قاراپ جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئەگرى - بۈگرى، 100 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان بوغاز — كېيىن ئۇنىڭ نامى قويۇلغان ماگېللان بوغىزىدىن ئۆتۈپ، تىنچ ئوكيانغا كەلگەن. ماگېللان تاپقان بۇ ئوكيان دولقۇنلاپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇنى جۇش ئۇرۇپ ئۆركەشلەپ تۇرىدىغان، دولقۇن پەلەككە يېتىدىغان ئاتلانتىك ئوكيانغا سېلىشتۇرغاندا، كۆپ دەرىجىدە جىم ۋە تىنچ بولغانلىقتىن، ئۇنىڭغا تىنچ ئوكيان دېگەن نامنى قويۇپ قويغان.

ئاتلانتىك ئوكيان تىنچ ئوكياندىن كۆپ دەرىجىدە كىچىك، تەخمىنەن تىنچ ئوكياننىڭ يېرىمىدەك بار، ھەر خىل غەرپ تىللىرىدا ئۇ "ئاتلانتىك" ئوكيان دەپ ئاتى-



لىدۇ. بۇ نام قەدىمقى يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى پالۋانلار خۇداسى ئاتلاسنىڭ نامىغا ئاساسەن قويۇلغان. چۈنكى قەدىمقى ياۋروپا رىۋايەتلىرىدە ئېيتىلىشىچە، بۇ يەر كۆكنى تىرەپ تۇرىدىغان پالۋانلار خۇداسى ئاتلاس تۇرغان جاي ئىكەن، ئاتلانتىك دېگەن سۆز ئاتلاسنىڭ سۈپىتى بولۇپ، ئاتلانتىك ئوكيان دېگەن سۆز "ئاتلاس ئوكيان" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. قەدىمقى زاماندا ئاتلانتىك ئوكياننىڭ نامى بىرلىككە كەلگەن ئەمەس، جەنۇبىي قىسمى بىلەن شىمالىي قىسمىنىڭ ئوخشىمايدىغان نامى بار ئىدى. شىمالىي قىسمى غەربىي ئوكيان ياكى شىمالىي دېڭىز دېيىلگەن. 17 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندىلا، غەرپ ئەللىرى "ئاتلانتىك" دېگەن نامنى شىمالىيچە كېڭەيتكەن.

ھىندى ئوكياننى مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمقى زامانىدا غەربىي ئوكيان دەپ ئاتىغان، مەسىلەن، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كاتتا دېڭىز ساياھەتچىسى جېڭخې بىرنەچچە زور كېمە ئەترىتىنى باشلاپ، بىرنەچچە قېتىم غەربىي ئوكيانغا بېرىپ، جەنۇبىي ئاسىيا، غەربىي - جەنۇبىي ئاسىيا ۋە شەرقىي ئافرىقىدىكى دۆلەتلەر ۋە رايونلارنى زىيارەت قىلغان، بۇ يەردە ئېيتىلغان غەربىي ئوكيان ھىندى ئوكياننى كۆرسىتىدۇ. قەدىمقى يۇناندا، قەدىمقى رىمدا بۇ ئوكيان ئېرىترىيە دېڭىزى، قىزىل دېڭىز، جەنۇبىي دېڭىز، شەرقىي دېڭىز دېگەنگە ئوخشاش ھەرخىل ناملار بىلەن ئاتالغان، 15 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا پورتۇگالىيىلىكلەر ھىندى ئوكيانغا بارىدىغان دېڭىز يولىنى تېپىش ئۈچۈن ئافرىقىنىڭ جەنۇبىدىكى ياخشى ئۈمىت تۇمشۇقىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، بۇ ئوكيانغا كىرگەندىن كېيىنلا، ھىندى ئوكيان دېگەن نام

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قوللىنىلغان، شىمالىي مۇز ئوكيانىغا كەلسەك، ئۇنىڭ مەنىسىمۇ ئانتاركتىكىغا ئوخشاشلا ناھايىتى ئېنىق، بۇ يەردە سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز.

قىسقىسى، دۇنيادىكى يەر ناملىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى ۋە مەنىسى بار. چوڭ يەر ناملىرى قىتئە ۋە ئوكيان ناملىرى شۇنداق، ئۇششاق يەر ناملىرىمۇ شۇنداق. پەقەت بەزىلىرىنىڭ مەنىسى روشەن، بەزىلىرىنىڭ روشەن ئەمەس، خالاس.



# ئاسىيادىكى مەملىكەتلەرنىڭ ناملىرى توغرىسىدا

مەملىكەتنىڭ نامى تولا چاغلاردا شۇ مەملىكەتنىڭ تارىخىنى، سىياسى، مىللى ئەھۋالىنى، جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە مەدىنىيەت جەھەتتىكى بەزى ئالاھىدىلىكىنى بىر تەرەپتىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئاسىيادىكى مەملىكەتلەر نەچچە مىڭ يىللىق شانلىق مەدىنىيەت تارىخىغا ئىگە. ئاسىيا — بۇددا دىنى، ئىسلام دىنى ۋە ھىندى دىنى كېلىپ چىققان ۋە بۇ دىنلارغا ئېتىقات قىلىدىغان كىشىلەر توپلانغان رايون. شۇ سەۋەپتىن، ئاسىيادىكى بىرمۇنچە مەملىكەتلەرنىڭ نامىغا مۇشۇ بىرنەچچە خىل دىنىنىڭ چوڭقۇر تەسىرى سىڭگەن. بىرمۇنچە مەملىكەتلەرنىڭ نامىدا مۇشۇ قۇرۇلۇقتا ياشىغان نۇرغۇن ئەمگەكچان، باتۇر ئاسىيا مىللەتلىرى ئوتتۇرىسىدا بۇرۇندىن بولۇپ كەلگەن ئالاقىلەرنىڭ ئىزلىرى قېپقالغان. بىرنەچچە مىڭ يىللىق دوستانە كېلىش - بېرىشلار ئارقىسىدا، مەملىكىتىمىز ئاسىيادىكى بىرمۇنچە مەملىكەتلەر بىلەن يېقىن خوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئورناتتى، مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخىدا، بۇ مەملىكەتلەرنىڭ ناملىرى توغرىسىدا ئېنىق خاتىرىلەر بار. بۇمۇ مەملىكىتىمىزنىڭ ئاسىيا مەملىكەتلىرىدىكى خەلقلەر بىلەن بولغان بىرنەچچە مىڭ يىللىق دوستانە مۇناسىۋىتىنىڭ تارىخىي دەلىلى.

ئاسىيانىڭ شەرقىي قىسمى شەرقىي ئاسىيا دەپ ئاتىلىدۇ،

بۇ يەردە مەملىكىتىمىزدىن باشقا يەنە چاۋشيەن، ياپونىيە ۋە موڭغۇلىيە بار.

چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى بىزنىڭ يېقىن خوشنىمىز. 1392 - يىلى كورىيىنىڭ 3- ئارمىيە باش قوماندانى لى چېڭگۈي لى سۇلالىسىنى قۇرۇپ، مەملىكەتنى چاۋشيەن دەپ ئاتىغان. چاۋشيەن دىگەن بۇ نام 1897- يىلدىن كېيىن بىر مەزگىل داخەنگە ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى ھىساپقا ئالمىغاندا، تا ھازىرغىچە قوللىنىلىپ كەلمەكتە. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، چاۋشيەن شەرقتە بولغانلىغى ئۈچۈن، قۇياشقا باققان مەملىكەت دىگەن مەنىدە ئىكەن. «چاۋشيەن» دىگەن ناخشىنىڭ بېشىدىكى: "تاڭ قۇياشى چاچتى ھەرياققا نۇرىنى كوركەم، شۇ سەۋەپتىن ئېلىم نامى ئاتالدى چاۋشيەن" دىگەن ئىككى مىسرا چاۋشيەن نامىنىڭ جانلىق تەسۋىرىدۇر.

چاۋشيەننىڭ كونا نامى كورىيە بولۇپ، تاغلىرى ئېگىز، دەريالىرى كوركەم دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنى مىلادى 918 - يىلى ۋاڭ جيەن قۇرغان. كورىيە دىگەن نام چاۋشيەن تارىخىدا مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 500 يىلچە ھەرقايسى ئەللەرگە تونۇشلۇق بولۇپ كەلدى، ئىنگلىزچە Korea دىگەن سوز "كورىيە"نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن كەلگەن.

ياپونىيە ئېلىمىزنىڭ تارىخىي كىتاپلىرىدىن «خەن سۇلالىسىنىڭ تارىخى»دا ئەڭ ئاۋال خاتىرىلەنگەن، ئۇنىڭ «يەر تەزكىرىسى»دە، "لېلاڭ (ھازىرقى ياپون دېڭىزى — ت) دېڭىزىدا ياپونلار بار، ئۇلار يۈزدىن ئارتۇق بەگلىكلەرگە بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەر يىلى تارتۇق ئەپكىلىپ تۇراتتى"



دېيىلگەن. بۇ يەردە ئېيتىلغان بەگلىكلەر، ئەمەلىيەتتە، قەبىلە ۋە قەبىلىلەر ئىتتىپاقى، خالاس. ياپونىيىنىڭ نامى توغرىسىدا ھەرخىل گەپلەر بار. بىر ئېيتىلىشىچە، دەسلەپ قەدىمقى چاۋشيەنچىدە "二木ソ" (Nihon) دەپ ئاتالغان ئىسىمدىن كەلگەن بولۇپ، كېيىن ياپونچە خەنزۇ يېزىغى بىلەن تولۇقلانغان ئىكەن. ئەمما، ئادەتتە ئۇ ياپونىيە خورىنىڭ قىستۇرمىسى (باش سوزگە ئوخشاش بولۇپ، سوز ئاھاڭىنى تۈزۈش ياكى تەكشەشتە قوللىنىلىدۇ، ئۇنىڭ ھېچقانداق مەنىسى يوق) بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارالماقتا. تارىختا "ياپونىيە" قەدىمقى ياپونىيىدىكى بىر بەگلىكنىڭ نامى بولغان داخېغا قىستۇرۇلغان. كېيىن ياپونىيە تارىخىنى يازغاندا، ياپونىيە دىگەن سوز داخېنىڭ دولەت نامى سۈپىتىدە قوللىنىلغان ھەمدە Nihon ياكى Nippon دەپ ئوقۇلغان. ياپونىيىنىڭ "قۇياش كوتىرىلگەن يەر" دىگەن مەنىدە ئىكەنلىكى ئۇنىڭ نامىدىنلا مەلۇم. ياپونىيە دىگەن سوز ياپونىيىنىڭ 36 - ئەۋلات پادىشاسى شياۋدېنىڭ داخۇۋا بىرىنچى يىلى (مىلادى 645 - يىلى)نىڭ ئالدى - كەينىدە قوللىنىلغانمىش. مىلادى 607 - يىلى ياپونىيىنىڭ سۈي سۇلالىسىگە ئەۋەتكەن ئەلچىسىنىڭ دولەت مەكتۇبى "كۈن چىقىشتىكى شاھزادىنىڭ كۈن پېتىشتىكى شاھزادىگە يازغان مەكتۇبى" دېيىلگەن. «تاڭ سۇلالىسىنىڭ كونا تارىخى» تەرجىمىھال قىسمىنىڭ 145 - سىدە: "ئەلچى ئېيتىدۇركى، كۈن چىقىشقا يېقىن بولغاچ ئېلىمىزنىڭ نامى ئەنە شۇنداق ئاتىلۇر" دېيىلگەنلىكىمۇ بۇنىڭ دەلىلى.

موڭغۇلىيىگە موڭغۇل مىللىتىنىڭ نامى بېرىلگەن. «تاڭ سۇلالىسىنىڭ كونا تارىخى»دا يېزىلىشىچە، ئۇ، موڭۇۋۇ شى-

ۋىنىسىدىن كېلىپ چىققان. 13 - ئەسىرنىڭ بېشىدا چىڭگىزخان ئەتراپىتىكى تاتار، كېرەي قاتارلىق قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرگەندىن كېيىن موڭغۇل قەبىلىسىنىڭ نامى بولۇپ قالغان. ئېيتىلىشىچە، بۇ سۆز ساددا ياكى باتۇر دېگەن مەنىدە ئىكەن.

ئاسىيانىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى رايون شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دەپ ئاتىلىدۇ، ئادەتتە كامبودژا، ۋيېتنام، لائوس، بىرما، تايلاند، مالايشىيا، ھىندونېزىيە، فىلىپپىن، سىنگاپور قاتارلىق دولەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.

كامبودژا ھىندىچىنى يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، 2 مىڭ نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە، قەدىمىي مەدەنىيەتلىك ۋە گۈزەل، يېرى مۇنبەت بىر دولەت. كامبودژىنىڭ نامى مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخىي كىتاپلىرىدا ناھايىتى بۇرۇنلا تىلغا ئېلىنغان، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە "فۇنەن" دەپ ئاتالغان، بۇنىڭ مەنىسى "تاغلار خوجىسى" دېگەن بولىدۇ، سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە "جېنلا"، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە "جىمېي" دەپ ئاتالغان. 8 - ئەسىرنىڭ بېشىدا، جېنلا ئىچكى ئۆلكە ۋە دېڭىز ياقىسىدىن ئىبارەت ئىككى قىسمىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، سۇلۇق جېنلا، قۇرۇقلۇق جېنلا دەپمۇ ئاتالغان. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يەنىلا "جېنلا" دەپ ئاتالغان، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە "گەنبوجى" دەپ ئاتالغان، مىڭ سۇلالىسى كالىندارىدىن باشلاپ كامبودژا دەپ ئاتالغان.

كامبودژا — كۆپ مىللەتلىك بىر مەملىكەت، كېخمېر مىللىتى پۈتۈن ئاھالىنىڭ 80 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، شۇڭا، كامبودژا ئىلگىرى "كېخمېر" دەپ ئاتالغان، مەيلى



www.uyghurkitap.com

كامبودژا، كېخمېر بولسۇن ياكى جىمېي بولسۇن ھەممىسى بىرلا تۈپ سۆزدىن كېلىپ چىققان.

ۋيېتنام — شىمالىي ۋيېتنام، ئوتتۇرا ۋيېتنام، ۋە جەنۇبىي ۋيېتنامغا بۆلۈنىدۇ. تارىختا ۋيېتنامنىڭ شىمالىي قىسمى شىمالىي چېگرا ياكى شەرقىي مەركەز دەپ، ئوتتۇرا قىسمى ئوتتۇرا چېگرا ياكى ئەننەن دەپ، جەنۇبىي قىسمى جەنۇبىي چېگرا ياكى جاۋجىچىن دەپ ئاتالغان. مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخىي كىتاپلىرىدىكى جەنپو (لىنىبا، خۇەيۋاڭ، جەنچېڭ دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ۋيېتنام تارىخىدىكى قەدىمىي دولەت. 1054 - يىلى لى سۇلالىسى دولەت نامىنى "بۈيۈك ۋيېتنام"غا ئۆزگەرتىپ، فېئوداللىق دولەتنى شەكىللەندۈرگەن. كېيىن بىرقانچە سۇلالىلەر ئالمىشىپ تۇردى، ۋيېتنام بەزىدە ئەننەن، بەزىدە بۈيۈك ۋيېتنام دەپ ئاتىلىپ كەلدى. 19 - ئەسىرنىڭ بېشىدا رۇەن سۇلالىسىنىڭ كارون پادىشاسى (رۇەن فۇياڭ) دولەت نامىنى ۋيېتنام دەپ ئاتىغان.

لائوس — مىلادى 749 - يىلى قۇرۇلغان، ئۇ چاغدا "دولقۇنلۇق كۆك دېڭىز پادىشالىقى" دېيىلگەن. مەملىكەت بويىچە ئاھالىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى لياۋ مىللىتى (يەنى لاۋ مىللىتى بولۇپ، ھازىر لاۋلۇڭ مىللىتى دەپ تەرجىمە قىلىنىدى) تەشكىل قىلىدۇ. مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە لائوس نەنجاڭ دەپ ئاتالغان. بۇ، لائوس تىلىدا "تۈمەن پىل ئېلى" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

بىرما ئۇزاق تارىخقا ئىگە. تاڭ دېزۇڭنىڭ جېنيۈەن يىللىرىدا، بىرما (ئۇ چاغدا پياۋ دولىتى دەپ ئاتالغان) پادىشاسى يۇڭ چياڭ مۇزىكا، ناخشا - ئۇسسۇل كۆرسىتىش ئۈچۈن مەملىكىتىمىزگە بىر مەدەنىيەت ئۆمىكى ئەۋەتكەن.

شائىر بەي جۈيىي بۇ نەپىس ئويۇنغا بېغىشلاپ «پياۋ دولىتى نىڭ مۇزىكىسى» دىگەن تەسىرلىك شېئىرنى يازغان. سۇلالىسى دەۋرىدە بىرما پۇگەن دەپ ئاتالغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىرما دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان.

بىرمىنىڭ ئۆز نامى "بىر" دىگەن سۆزنىڭ ئاخىرىدا ھورمەتنى بىلدۈرىدىغان سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە "ما" دىن تۈزۈلگەن بولۇپ، چاققان، قابىل دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن، سۆز مەنبەسى "براخمان" ياكى "براخما" بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. بىرمىلىقلار ئۆز دولىتىنى "باما" دەپمۇ ئاتايدۇ.

تايلاندتا 44 مىليون 200 مىڭ ئاھالە بار (1978. يىلى)، تەيزۇلار يېرىمىغا يەتمەيدۇ. تەيزۇ تىلىدا "تاي" "ئەركىن" دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇ يەرلىك ئۆز ئېلىنى مېڭتاي دەپ ئاتايدۇ، "مىڭ" دولەت دىگەن مەنىدە، شۇڭا تايلاند "ئەركىن دولەت" دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئېلىمىزنىڭ تارىخ كىتاپلىرىدا خاتىرىلىنىشىچە، 14-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سىيام دولىتى بىلەن ئوتتۇرا قىسمىدىكى لاۋو دولىتى بىرلىشىپ، سىيام دەپ ئاتالغان، ئەمما "سىيام" دىگەن بۇ نام مىلادى 6-ئەسىردىلا «ۋېيسىنۇ تارىخنامىسى» دىگەن كىتاپتا يېزىلغان بولۇپ، قارا تەنلىكرەك قەبىلىلەرگە قارىتىلغان. 1939-يىلى دولەت نامى تايلاندقا ئۆزگەرتىلگەن. 1945-يىلى ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، بىر مەزگىل سىيام دىگەن نام ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. 1949-يىل 5-ئاينىڭ 11-كۈنى يەنە تايلاندقا ئۆزگەرتىلگەن.

19-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ياۋروپا مۇس-



تەملىكچىلىرى ۋە تەبىي پەن ئالىملىرى "مالايسىيە"نى مالاي تاقىم ئاراللىرى بىلەن بىر مەنىدە قوللانغان. ئەمما، ئۇنىڭ سىياسى ئۇقۇم سۈپىتىدە قوللىنىلىشى 1960-يىلىنىڭ ئالدى-كەينىدىلا بولغان ئىش. ئۇ، مالايىيا، مالاي دىگەن تۈپ سۆز بىلەن ئوخشاش. ئۇنىڭ سۆز مەنبەسىنى تەكشۈرگىنىمىزدە، بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى سانسكرىت يېزىقىدىكى malai (تاغ) بىلەن ياكى شۇ مەملىكەتتىكى ئاھالە ئەڭ زىچ بولغان مالاككا ئىشتاتى ("چوڭ ئارال" دىگەن مەنىدە بولسا كېرەك) بىلەن مۇناسىۋەتلىك دىگۈچىلەرمۇ بار. بۇ نام ئوتتۇرا قەدىمقى دەۋردىكى مالايۇ بەگلىكىدىن قېپقالغان دىگۈچىلەرمۇ بار. 1281-يىلى مالايۇ بەگلىگى ئېلىمىزگە سودىگەرلىرىنى ئەۋەتكەن.

سىنگاپورنىڭ نامى توغرىسىدا مۇنداق رىۋايەتلەر بار. مىلادى 7-ئەسىردە، سوماترادا سىرىۋىجايا بەگلىگى قۇرۇلغان، تەخمىنەن 1150-يىلى سىرىۋىجايا بەگلىكىنىڭ شاھزادىسى پەنبا جەڭ كېمىسىگە چۈشۈپ پورتتىن يولغا چىقىپ، بىر ئارالغا يېتىپ بارغان. شاھزادە ئۇ يەردە بىر شىرنى كۆرۈپ قېلىپ، بۇ يەرنى سىنگاپور دەپ ئاتىغان ئىكەن. سانسكرىت يېزىقىدا شىر "سىنگا" دىيىلىدۇ. شەھەر "پور" دىيىلىدۇ. سىنگاپور دىگەن نام ئەنە شۇنىڭدىن كەلگەن.

ھىندونېزىيە دىگەن نام "ھىندۇ" ۋە "نېزىيە" دىگەن سۆزدىن تۈزۈلگەن. ئالدىنقىسى سانسكرىت تىلىدا "دېڭىز" دىگەن مەنىنى، كېيىنكىسى گرېكچە "ئارال" دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ھىندونېزىيە راستلا "دېڭىز ۋە ئارال" دولىتى. ھىندونېزىيىنىڭ مەشھۇر "مىڭ ئارال دولىتى" ئىكەنلىگى ھەممىگە ئايان، ئەمىلىيەتتە چوڭ-كىچىك 13 مىڭ 670

www.uyghurkitap.com

تىن ئارتۇق ئارال بار، شۇڭا مۇشۇ نام قويۇلغان. بۇنىڭ
سىرتىدا، ھىندونېزىيىنىڭ قولاقتا يېقىملىق نۇسانتارا
(Nusantara) دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر يەرلىك ئىسمى
بار، بۇ سۆز دەل "ئارال دولىتى" دىگەن مەنىدە. 14،
ئەسىردىن باشلاپ چەتئەل جاھانگىرلىگى ھىندونېزىيىگە تاجا،
ۋۇز قىلىپ كىردى، كېيىن ئۇ گوللاندىيىنىڭ مۇستەملىكى
بولۇپ قالدى. 1948 - يىل 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگە كەل،
گەندىلا، گوللاندىيىگە قاراشلىق شەرقىي ھىندىستان دىگەن
نام ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1950 - يىلى بىرلىككە كەلگەن
ھىندونېزىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى.

فىلىپپىن مەملىكىتىمىزنىڭ تەيۋەن ئۆلكىسىنىڭ جەنۇ،
بىدا، 1521 - يىلى ماگېللان تۇنجى قېتىم قۇرۇقلۇققا چىق،
قاندا، سېن رازالىس ئارىلى دەپ ئاتىغان. 22 يىلدىن كېيىن
ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرى بۇ ئارالدا ماكانلىشىپ قالغان
ۋە شۇ چاغدىكى ئىسپانىيە پادىشاسى يەنى كېيىنكى فىلىپپى
I يېڭىۋاشتىن نام بېرىپ فىلىپپىن دەپ ئۆزگەرتكەن،
فىلىپپىن چەتئەللىك ئادەم نامى دولەت نامى قىلىنغان
بىردىن - بىر ئاسىيا دولىتى.

ۋاڭ دايۇەن يازغان «ئاراللار ھەققىدە قىسقىچە
تەزكىرە» دىمۇ سۇلۇ بەگلىكى توغرىسىدا خاتىرىلەر بولۇپ،
ئۇنىڭ مەرۋايىتچىلىقى ناھايىتى تەرەققى قىلغانلىقى ئېيتىل-
غان. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دىمۇ تىلغا ئېلىنغان،
لۇيسۇڭ بەگلىكى 15 - ئەسىردە قۇرۇلغان، ئۇ، ئىسپانىيە
مۇستەملىكىچىلىرى تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشتىن ئىلگىرى فېۋ-
داللىق دولەت ئىدى. كېيىن ناھايىتى ئۇزاق بىر مەزگىل-
گىچە، فىلىپپىن مەملىكىتىمىزدە لۇيسۇن (ئارال نامى، ئوغۇر



شەكىللىك ياغاچ ئەسۋاپ دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) دەپ
ئاتىلىپ كەلگەن. لۇيسۇن تاماكىسى (سىگار) دىگەن گەپ
ئەنە شۇ يەردىن كەلگەن.

شەرقىي تىمور تىمور ئارىلىنىڭ شەرقىدە. "تىمور" ھىن-
دونېزىيىچە "شەرق" دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇ، نۇسا
تېڭگارا تاقىم ئاراللىرى (كونا نامى سۇندا تاقىم ئاراللىرى)
نىڭ ئەڭ شەرقىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇ نام بېرىلگەن.
ھازىر ئۇ ھىندونېزىيىنىڭ ئىشغالىيىتىدە. مەملىكىتىمىزنىڭ
تارىخىي كىتاپلىرىدا برۇنېي بونى دولىتى دەپ ئاتالغان.
برۇنېي مالا تىلىدا "ئۇسۇملۇك" دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ، بۇ
يەردە مەخسۇس ماڭگو مېۋىسىنى كورسىتىدۇ، ياكى ئېيتايلى،
ئۇ سانسىكرىت تىلى بولۇپ، "دېڭىز - ئوكيانىنىڭ شەكىللىنىشى"
دىگەن مەزمۇننى بىلدۈرىدۇ.

جەنۇبىي ئاسىيا ــ ئاسىيانىڭ جەنۇبىدىكى جايلار بولۇپ،
ئادەتتە پاكىستان، ھىندىستان، بىنگال، نېپال، سىككىم،
بوتان، سىرىلانكا ۋە مالىدىۋ قاتارلىق دولەتلەر كوزدە
تۇتۇلىدۇ.

پاكىستاننىڭ نامى ئۇستىدە 1931 - يىلى تۇنجى قې-
تىم مۇھاكىمە بولغان بولسىمۇ، 1947 - يىلى ھىندىستان
بىلەن پاكىستان بولۇپ ئىدارە قىلىنغاندىن كېيىن رەسمى
قوللىنىلغان. ئۇ ئوردۇ تىلىدا مۇسۇلمان دولىتى دىگەن
بولىدۇ، ئۇنىڭ ئاھالىسىنىڭ 97 پىرسەنتى ئىسلام دىنىغا
ئېتىقات قىلىدۇ.

ھىندىستانغا ھىندى دەرياسىنىڭ نامى بېرىلگەن،
ئۇنىڭ سانسكرىتچە ئاتىلىشى "ھىندى" بولۇپ، ئەسلى مە-
نىسى "دېڭىز".

بېنگال دۆلىتىنىڭ نامى قىسقىچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭغا ئاساسىي ئاھالىسى بولغان بېنگاللارنىڭ نامى بېرىلگەن، ئەمما يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكشۈرگەندە، ئەھۋال مۇرەككەپرەك. پادما دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئېقىنىدا تۈزلەڭلىك قەدىمقى بېنگاللارنىڭ يۇرتى ئىدى. 1352-يىلى ئىلياس شاھ بىرلەشكەن پادىشالىق قۇرۇپ، ئۆزىنى بېنگال سۇلتانى دەپ ئاتىغان. ئېيتىلىشىچە، بۇرۇن ئۆتكەن ھۆكۈمرانلار ئويمانلىقلاردا ئېگىزلىكى 10 مېتىرچە، كەڭلىكى 20 مېتىرچە قوقىتلارنى سوقتۇرغان، بۇ قوقىتلار سانسكرىتچە "ئال" دەپ ئاتالغان. بېنگال قەدىمقى "بېنگاللار"غا "ئال"نىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن.

سىرىلانكىنىڭ بۇرۇنقى نامى سەيلون، 1972-يىل 5-ئاينىڭ 22 كۈنى ماقۇللانغان ئاساسىي قانۇندا ھازىرقى نامغا ئۆزگەرتىلگەن. "سىرىلانكا" سىنگالچە سۆز بولۇپ، "خوشال زېمىن" ياكى "پارلاق مۇنبەت يەر" دېگەن مەنىدە. "لانكا" (lanka) سانسكرىتچە "ئارال" دېگەن بولىدۇ. سەيلوننىڭ قەدىمقى نامى Singhala بولۇپ، "سىنگال" دىن ئۆزگەرگەن. سىنگال مىللىتى ئاساسەن بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلىدۇ، ئۇلار بۇنىڭدىن 2500 نەچچە يىل ئىلگىرى ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىن كۆچۈپ كەلگەن ئىكەن. "سىنگال"مۇ سانسكرىتچە شىر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ بەلكىم توتېم ئېتىقادىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. مەملىكىتىمىزنىڭ جىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاتاقلىق راھىب پاشى بۇ قەدىمىي مەملىكەتكە بارغان. «داتاڭنىڭ غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە، ئاھاڭ بويىچە سىنگال دەپ تەرجىمە قىلىنغان.

ھىمالايا تېغى ئېتىكىدە نېپال، بوتان، سىككىم دېگەن



3 گۈزەل تاغلىق دۆلەت بار.

ئېيتىلىشىچە، نېۋار تىلىدا "نى" — "ئوتتۇرا"، "پا" — "دۆلەت" دېگەن بولىدىكەن. دېمەك "نېپال" — "ئوتتۇرىدىكى دۆلەت" يەنى جۇڭگو بىلەن ھىندىستاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دۆلەت دېگەن بولىدۇ.

نېپالنىڭ نامى توغرىسىدا باشقىچە پاراڭلارمۇ بار. زاڭزۇ تىلىدا "نى" — "ئائىلە"، "پال" — "قوي يۇڭى" دېگەن بولىدۇ. بۇ يەردە قوي يۇڭى توقۇلمىلىرى كۆپ ئىشلەپچىقىرىلغانلىقتىن، "نېپال" — "قوي يۇڭى يۇرتى" دېگەن بولىدۇ. "نېپال" سانسكرىت تىلىدىكى "تاغ باغرىدىكى ئۆي" دېگەن سۆزدىن كەلگەن، بۇ يەردە، ھىمالايا تېغى ئېتىكى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ دېگۈچىلەرمۇ بار.

بۇتاننىڭ كونا نامى بۇرۇكبا. بۇتان سانسكرىت تىلىدىكى Bhyot (شىزاڭ) بىلەن anta ("ئاخىرقى ئۇچى" ياكى "چېگرا جاي") دىن تۈزۈلگەن.

نېپال تىلىدا "سىككىم" "يېڭى يەر" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئىلگىرى نېپاللىقلار بۇ رايونغا كۆچۈپ كېلىپ ئورۇنلىشىپ قالغان بولۇپ، ئۇلار بۇ يەرنى "يېڭى يەر" دەپ ئاتىغان. بۇرۇنقى چاغلاردا شىزاڭلىق كۆچمەنلەر ئۇنى "گۈرۈچ جىلغىسى" دېگەن مەنىدە "دېڭجاڭ" دەپ ئاتىغان.

ھىندى ئوكياندىكى ئارال مەملىكىتى مالدىۋ گۇڭجىنىڭ «غەرپتىكى بەگلىكلەر تەزكىرىسى» دە تېيىلغاق تاغلىق دۆلەت دېيىلگەن. بۇ دۆلەت نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا نۇرغۇن گەپلەر بار، بۇ سۆز سانسكرىت تىلىدىكى "ئارال" ياكى "تاغ-داۋان" دېگەن

سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. مارابال تىلىدىكى "مىڭ ئارال دۆلىتى" دىگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان دىگۈچىلەرمۇ بار. كېيىنكىسى پاكىتقا تېخىمۇ يېقىنىراق، چۈنكى مالدىۋ 12 تۈركۈم ئاپىلاسىما خادا تاش، ئىككى مىڭغا يېقىن مارجان ئارىلىدىن تەركىپ تاپقان.

ئەمدى غەربىي ئاسىياغا كېلەيلى. غەربىي ئاسىيادىكى دۆلەت ۋە رايون ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇرەككەپ، بەزىلىرىنى تەكشۈرۈشمۇ تەس. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە مەسىلەن، ئافغانىستان، ئىران، تۈركىيە ۋە ئىسرائىلىيىگە مىللەتنىڭ نامى بېرىلگەن. ئافغانىستان ئافغان دىگەن سۆزگە ئىرانچە "ئىستان" يەنى "دۆلەت" دىگەن سۆزنىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، "ئافغان" — سانسكرىتچە asvaka بولۇپ، "چەۋەنداز" دىگەن مەنىدە ئىكەن. ئىراننىڭ كونا نامى پارس بولۇپ، ئاچەمېنىي خاندانلىقىنىڭ پەيدا بولغان جايى پارس (Pars) (تەخمىنەن ھازىرقى پارس ئۆلكىسىگە تەڭ) تىن كېلىپ چىققان، سېمىت تىلىدا چەۋەنداز، ئات باقار دىگەن مەنىدە بولسا كېرەك. گرېكلار بۇ يەرنى پېرسىس (Persis) دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭ دۆلەت نامى 1935 - يىلى ئىران دەپ ئۆزگەرتىلگەن بولۇپ، تېررىتورىيىلىك مەنىسى پارس دىگەنگە قارىغاندا كەڭرەك. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يىراق قەدىمقى دەۋردە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىپايان ئوتلاقلىرىدىن ئىران تەۋەسىگە كەلگەن بىر قەبىلە يەرلىك ئاھالە بىلەن ئارىلىشىپ "ئارىيانلار" نى تەشكىل قىلغان ئىكەن. پەرەز قىلىنىشىچە، "ئىران"



www.uyghurkitap.com

دىگەن سۆز ئەنە شۇنىڭدىن كەلگەن. سانسكرىتچە ۋە پارس تىلىدا ئۇ "دۆلەتمەن"، "كاتتا" دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

تۈركىيىنىڭ نامى ئۇنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى بولغان تۈركلەردىن كەلگەن، ئۇلارنىڭ تىلى ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى تۈركىي تىل گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ. ئۇنىڭ نامى tora = "تۆرەل" دىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن: ey — لاتىن تىلىدىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە ia بولۇپ، "زېمىن"، "يەر" نى بىلدۈرىدۇ. ئىسرائىلىيىنىڭ نامى ھەققىدە ئىنجىل ھېكايىلىرىدە ئېيتىلىشىچە يەھۇدىلارنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلات ئەجدادى (ئەسلى نامى ياقۇپ) مالائىكە بىلەن ئېلىشىپ ئۇتۇپ چىققانلىقى ئۈچۈن، ئىسرائىلىيە دەپ ئاتالغان، ئۇ "خۇدانىڭ لەشكىرى" ياكى "مالائىكە بىلەن ئېلىشقۇچى" دىگەن مەنىدە. ئىسرائىلىيە — ياقۇپنىڭ يەنە بىر ئىسمى، كانان تىلىدىكى ئىس (چاكار) ۋە رائىل (مالائىكە رائىل) دىن تۈزۈلگەن، ئىسرائىلىيە — مالائىكە رائىلنىڭ چاكىرى دىگەن مەنىدە، دىگەن گەپلەرمۇ بار.

سىپرۇسنىڭ دۆلەت نامى ھازىرقى لىۋاندىن كەلتۈرۈلگەن قىل يوپۇرماقلىق تېرەك (cypress) دىگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئارال قەدىمقى زاماندا مىس كېنى بىلەن داڭ چىقارغان. ئۇ، گرېكچىدە Kypros دىيىلىدۇ، بۇ سۆز ئىنگلىزچىدىكى "مىس" دىگەن سۆز بىلەن ئالاقىدار بولسا كېرەك. ئەسلىدە، بۇ ئارالدا ئىشلەنگەن مىس بۇيۇملار شۇ چاغدىكى ئاھالىنىڭ تۇرمۇشىدا ۋە سىرت بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ئالاقىدە مۇھىم ئورۇن تۇتقان ئىدى.

غەربىي ئاسىيا رايونىدا، يۇقۇرىدىكى دۆلەتلەردىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى ئەرەپ ئەللىرى. مەملىكىتىمىزدە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇيان بۇ رايون تازى ۋە ئەرەپ خەلىپىلىكى دەپ ئاتالغان. ئەرەپلەرنىڭ مەشھۇر خەلق چۆچىكى «ئەرەپ خەلىپىسىنىڭ كېچىلىك ھېكايىسى» (يەنى «مىڭ بىر كېچە») دىكى "ئەرەپ خەلىپىسى" مۇشۇ كونا تەرجىمە بويىچە قوبۇل قىلىنغان. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، جېڭ خې ئەلچە بولۇپ چىققاندا ھەمرا بولغان ماخۇەن، فېي شىن ۋە گۇڭ جېنلارنىڭ خاتىرىلىرىدە ئاھاڭ بويىچە "ئەرەپ" دەپ ئېلىنغان.

مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخىي كىتاپلىرىدا، ئەرەپلەر توغرىسىدا نۇرغۇن خاتىرىلەر بولۇش بىلەنلا قالماي، ھەتتا، يەر مەيدانى ئاران 598 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان ھازىرقى ئارال مەملىكىتى بەھرەيىن (ئەسلى ئىككى دېڭىزغا ياندىش دىگەن مەنىدە) توغرىسىدىكى خاتىرىلەرمۇ تېپىلىدۇ. تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىنىشىچە، «تەزكىرىلەر» دىكى بەيلىيەن، «گۈيشىڭ كوچىسىدا توقۇلغان گەپلەرنىڭ داۋامى» دىكى فۇلىيەن، «دۇنيادا بولۇپ ئۆتكەن مۇراسىملار» دىكى باخالايىن ئەينى ۋاقىتتىكى بەھرەيىننىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدۇر.

يۇقۇرىدا ئېيتىلغان "تازى" بىلەن "ئەرەپ خەلىپىلىكى" بەزىدە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئەرەپلەر دەپ ئاتىلىدۇ، بەزىدە ئۇ، مەخسۇس ئەرەپ ئىمپېرىيىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئەرەپ ئىمپېرىيىسى 7 - ئەسىردە ئەرەپ يېرىم ئارىلىدا قۇرۇلغان ئىسلام خاقانلىقىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ



زېمىنى بىر مەھەل ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقا قىتئەلىرىنى كېسىپ ئۆتكەن. 16 - ئەسىردە ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ مەمۇرى ئۆلكىسى بولغان. 19 - ئەسىردە، ئوسمان ئىمپېرىيىسى ئاجىزلاپ، ئەنگلىيە ئەرەپ يېرىم ئارىلىغا بېسىپ كىرگەن. 1924 - يىلى نەجد ھۆكۈمرانى ئىبنى سەئۇدى نەجد بىلەن ھىجازنى بىرلىككە كەلتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن، 1932 - يىلى "سەئۇدى" دىگەن نام بېرىلگەن. سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ نامى ئەنە شۇنىڭدىن كەلگەن.

ئەرەپ ئەللىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدۇ. بۇ خۇسۇسىيەت دولەت نامىدىمۇ ئەكس ئەتكەن. مەسىلەن، يەمەن (ئەرەپ يەمەن جۇمھۇرىيىتى ۋە يەمەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى) بىلەن سۈرىيە ئەنە شۇنداق. "يەمەن" ئەرەپچىدە "ئوڭ تەرەپ" (كوچمە مەنىسى "جەنۇپ تەرەپ" ياكى "ئەرەپلەرنىڭ بەختسائادەتلىك ماكانى")، "سۈرىيە" بولسا "سول تەرەپ" (كوچمە مەنىسى "شىمال تەرەپ") دىگەن بولىدۇ. ئەگەر كىشىلەر ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس يېرى مەككىدە شەرققە قاراپ ئۆرە تۇرسا، يەمەن ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىگە، سۈرىيە سول تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ. ئەمما بۇ گەپلەرنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش لازىم. ئەمەلىيەتتە، سۈرىيە دىگەن بۇ نام توغرىسىدا ئالدىراپ بىر نىمە دىگىلى بولمايدۇ، سۈرىيە ئېھتىمال قەدىمقى زامان قۇللۇق تۈزۈمىدىكى شەرق مەملىكىتى "ئاسسورىيە" (Assyria) نىڭ قىسقارتىلىپ يېزىلىشى ياكى قەدىمقى زاماندىكى پىنىكىيىنىڭ پايتەختى تىيرې (Tyre) بولسا كېرەك. t بىلەن s ئوخشاش،

"تىرى" Sur دەپمۇ ئاتىلىدۇ، مىلادىدىن 3 مىڭ يىل بۇرۇن ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىي - جەنۇبىي قىرغىقىدىن كوچۇپ كەلگەن سىمۇ مىللىتىنىڭ نامى بىلەن زىچ ئالاقىدار بولۇشىمۇ مۇمكىن.

نىفىتكە باي كۇۋەيتنىڭ ئەسلى مەنىسى دەريا بويى ياكى دېڭىز بويىغا سېلىنغان "كىچىك قورغان" دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ئومانىنىڭ نامى ھازىر ئىز - دېرىكى قالمىغان قەدىمقى شەھەرنىڭ نامىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئەرەبچىدە "مۇشۇ يەردە توختاپ قال" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ سوز تارىختا مۇشۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان قەدىمقى زامان قەبىلىلىرىدىن بىرىگە قارىتىلغان، "ئومان" — ئۇ يەرنى بەرپا قىلغۇچى ئومان بىننى ئىبراھىمنىڭ نامىدىن قالغان، دېگەن گەپلەرمۇ بار.

پەلەستىن — تارىختا ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىيلار ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان رايون، كونا نامى كاخان ("ئويمان" دېگەن مەنىدە). ئۇنىڭ نامى ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا ياشىغان قەدىمقى ئاھالە پەلەستىنالەردىن قالغان. ئۇلار كوچمەن قەبىلە ئىدى. ("پەلەستىن" — "كوچمەنلەر" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ).

ئەرەب ئەللىرى ئىچىدە، بەزىلىرىنىڭ دولەت نامى ئۇلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە تەبىئى مەنزىرىسىنى ئەكس ئەتتۇرگەن. مەسىلەن، ئىراق ئويمان، تىنىدۇرما تۈزلەڭلىككە جايلاشقان بولۇپ، ئەرەبچىدە "قىرغاق"، "ئويمان" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ يەردە مىلادىدىن 2 مىڭ يىل بۇرۇن ئىككى دەريا ئېقىنىدا يۇقۇرى مەدەنىيەتلىك بابىلون پادىشالىغى ("ھىكمەتلىك دەرۋازا"



دېگەن مەنىدە) قۇرۇلغان ئىئوردانىيىگە ئىئوردان دەرياسىنىڭ نامى قويۇلغان. ئۇ ئېھتىمال ئىبراي تىلىدىكى ياردېن (jarden) (دەريا ئىزى) ياكى دەريانىڭ "غەرۋپ ساداسى"، "گۇرۇلدىشى" (jarda) دىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. لىۋاندا دېڭىز ياقىسى بىلەن تەكشى كەتكەن نۇرغۇن تاغلىق يەر بولۇپ، ئۇنى يىل بويى قار ئېرىمەيدىغان ئاپپاق ئېگىز تاغ كېسىپ ئوتكەن. "لىۋان" — ئىبراي تىلىدىكى l'banon يەنى "ئاپپاق تاغ چوققىسى" دېگەن بولىدۇ، ئۇ، تاغدىكى قار دوۋىلىرى ياكى تاغنىڭ رەڭگىگە قارىتىلغان.

www.uyghurkitap.com

# ئافرىقىدىكى دۆلەتلەر ۋە رايونلارنىڭ ناملىرى توغرىسىدا

ئافرىقا — لاتىنچە سۆز بولۇپ، "كۈن نۇرى لاۋۇلداپ تۇرىدۇ" دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئېكۋاتور ئافرىقىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ، پۈتۈن قىتئەنىڭ كۆپ قىسمى ئىسسىق بەلۋاققا ۋە مۆتىدىل ئىسسىق بەلۋاققا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن "ئافرىقا" دىگەن بۇ نام دەل جايىدا قويۇلغان.

ئافرىقىدىكى بەزى دۆلەتلەرنىڭ نامى ۋەتەنىنىڭ تاغ - دەريالىرىغا بولغان ئىپتىخارىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ تولىسى تاغ تىزمىلىرى، دەريا، كۆللەرنىڭ نامىنى دۆلەت نامى قىلىغان. دەريانىڭ نامى قويۇلغان دۆلەتلەردىن كونگو، زايىر، سېنېگال، گامبىيە، يۇقۇرى ۋولتا، نىگېر، نىگېرىيە، زامبىيە قاتارلىقلار بار. بۇلاردىن:

كونگو بىلەن زايىرغا كونگو دەرياسىنىڭ نامى قويۇلغان، زايىر كونگو دەرياسىنىڭ يەنە بىر نامى. شۇ يەرنىڭ تىلىدا "دەريا" دىگەن بولىدۇ. كونگو دەرياسى ھەيۋەتلىك دەريا، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇغى 4 مىڭ 640 كىلومېتىر بولۇپ، نىل دەرياسىدىن قالسىلا، ئافرىقىدىكى ئىككىنچى چوڭ دەريا ھىساپلىنىدۇ.

نىگېر بىلەن نىگېرىيىگىمۇ نىگېر دەرياسىنىڭ نامى قويۇلغان. نىگېر "قارا دەريا" دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. نىگېر



دەرياسى ئافرىقىدىكى ئۈچىنچى چوڭ دەريا بولۇپ، ئۇزۇنلۇغى 4 مىڭ 100 كىلومېتىر كېلىدۇ ۋە غەربىي ئافرىقىدىكى 5 - 6 دۆلەتتىن ئۆتىدۇ.

زامبىيىگە زامبېزى دەرياسىنىڭ نامى قويۇلغان، ئافرىقىدىكى بۇ تۆتىنچى چوڭ دەريادا كەڭلىكى 1600 مېتىر، ئېگىزلىگى 120 نەچچە مېتىر كېلىدىغان ھەيۋەتلىك، كۆركەم، دۇنياغا مەشھۇر ۋىكتورىيە شاقىراتمىسى بار.

يۇقۇرى ۋولتاغا ۋولتا دەرياسىنىڭ نامى قويۇلغان، بۇ دۆلەت ۋولتا دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىنىدا بولغانلىقى ئۈچۈن يۇقۇرى ۋولتا دېيىلگەن. سېنېگال بىلەن گامبىيىنىڭ دۆلەت نامى دەريا نامى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش.

كۆل نامى قويۇلغان دۆلەت ۋە رايونلاردىن چاد، مالاۋى، تانزانىيە قاتارلىقلار.

چادقا ئىچكى كۆل — چاد كۆلىنىڭ نامى قويۇلغان. مالاۋىنىڭ بۇرۇنقى نامى نياسالاند بولۇپ، نياسا كۆلىنىڭ نامى قويۇلغان. نياسا "بىپايان سۇلۇق" دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ھازىر بۇ دۆلەتنىڭ نامى مالاۋىغا ئۆزگەرتىلدى، نياسا كۆلىمۇ مالاۋى كۆلى دەپ ئۆزگەرتىلدى. "مالاۋى" 16 - ئەسىردە نياسا كۆلى بويىدا قۇرۇلغان قەدىمىي كىچىك پادىشالىقنىڭ نامى ئىدى. تانزانىيە بىرلەشمە جۇمھۇرىيىتىنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇق قىسمىدىكى تانگانىكىغا تانگانىكا كۆلىنىڭ نامى قويۇلغان. تانگانىكىنىڭ مەنىسى توغرىسىدا، "سۇنىڭ قوشۇلغان جايى" دىگەن تەبىر بار، "تانگا" بىلەن "نىكا" — "يەلكەن" بىلەن

"يايلاق" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۋاھىلىچە سوز، دېگەن تەبىرمۇ بار. تانگانىكا كولى دېڭىز 773 مېتىر ئېگىزلىكتىكە جايلاشقان، ئەمما ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى 1 مىڭ 435 مېتىر بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 660 مېتىر تۆۋەن. ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭقۇر كوللەردىن بىرى، شۇنداقلا، ئافرىقىدىكى ئىككىنچى ئاتالىق چوڭ كول.

تاغنىڭ نامى قويۇلغان دۆلەتلەردىن كېنىيە بىلەن سىيېررا - لېئون بار. كېنىيىگە كېنىيە تېغىنىڭ نامى قويۇلغان. كېنىيە تېغى ئېكۋاتورغا يېقىن بولۇپ، ئېگىزلىكى مىڭ 100 مېتىردىن ئاشىدۇ، ئۇ، ئافرىقىدىكى ئىككىنچى ئېگىز چوققا ھېسابلىنىدۇ. تاغ باغرىدا قېلىن ئورمانلىقلار بار، ئۇ يەر ئىسسىق بەلۋاغ مەنزىرىسى بولسىمۇ، ئەمما چوققىدا يىل بويى قار ئېرىمەيدۇ ۋە ئۇ ئاجايىپ كۆرۈنىدۇ. كېنىيە دېگەن سوز يەرلىك بانتۇ تىلىدا بولۇپ، "توگە قۇش" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. كېنىيىلىكلەر قارامتۇل تاغ قىيالىرى بىلەن ئاپپاق قارلىق چوققا ئارىلىقىدىكى كېنىيە تېغىنى توگە قۇشقا ئوخشىتىدۇ.

سىيېررا - لېئون "شىر تېغى" دېگەن مەنىدە. ئۇنىڭ نامى قىزىق، سىيېررا - لېئون پورتۇگالىيىچە سوز بولۇپ، بۇ نامنى 15 - ئەسىردە پورتۇگاللار تۇنجى قېتىم دېڭىز ساياھىتى قىلىپ كەلگەندە قويغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە بىر نەچچە خىل تەبىر بار: كېمە سىيېررا - لېئون دېڭىز قىرغىقىغا يېقىنلاشقاندا، تاغدىن شىر ھۆكۈرىگەندەك دەھشەتلىك سادا ئاڭلانغان دېگەن گەپ بار؛ شۇ ئەت-



راپتىكى قىرغاقتا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تاغ قىيالىرى ... دېگەن گەپمۇ، ھەيۋە قىلىپ ئولتۇرغان شىرغا ئوخشايدۇ، دېگەن گەپمۇ ھەتتا بۇ يەردە تۇرغۇن شىرلار بولغان، دېگەن گەپمۇ بار.

ئافرىقىدىكى بەزى دۆلەتلەر مىللەت نامى ياكى مىللى خۇسۇسىيەت بىلەن ئاتالغان.

توغرىدىن - توغرا مىللەت نامى بىلەن ئاتالغان دۆلەتلەردىن سومالى ۋە ماداگاسكار بار. ماۋرىتانىيىگىمۇ دۆلەت ئىچىدىكى ئاساسىي مىللەت بولغان مورلارنىڭ نامى قويۇلغان، "مور" بىلەن "ماۋرى" بىر گەپنىڭ ئىككى خىل تەرجىمىسى.

ئافرىقا قۇرۇقلۇقى — قارا تەنلىكلەرنىڭ يۇرتى، شۇڭا دۆلەت نامى تولا چاغلاردا "قارا" دېگەن سوز بىلەن باغلانغان، بۇنداق دۆلەتلەر ناھايىتى كوپ. مەسىلەن، ئېفىئوپىيە گرېكچە "ئاپتاپتا قارايغان يۈز" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. سودان ئەرەبچە سوز بولۇپ، "قارا تەنلىكلەر دۆلىتى" دېگەن مەنىدە. تانزانىيە بىرلەشمە جۇمھۇرىيىتىدىكى زانزىبار پارسچە سوز بولۇپ، "قارا تەنلىكلەرنىڭ زېمىنى" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئافرىقىدا شۇنداق دۆلەتلەرمۇ باركى، ئۇلارنىڭ نامىنى ئۇزاق زامانلاردىن سۈرۈشتە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

لىۋىيە — تازا قەدىمىي نام. بۇ نام قەدىمقى يۇنان دەۋرىدىكى ھومېرنىڭ تارىخىي داستانى «ئودىسا» دا تىلغا ئېلىنغان، ئەمما، شۇ چاغدا ئۇنىڭدا مىسىرنىڭ غەربىدىكى پۈتۈن ئافرىقا قۇرۇقلۇقى كوزدە تۇتۇلغان.

مالى، گانا، مالاۋى ۋە ئازانىيىلەرنىڭ ھەممىسى
ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردىكى قەدىمىي دۆلەت نامى
گانامۇ غەربىي ئافرىقىدىكى ئەڭ قەدىمىي دۆلەت ئىدى
گانادا مول ئالتۇن كانلىرى بار، "يېشىل ئالتۇن" دەپ
ئاتىلىدىغان كاكاۋا كوپ چىقىدۇ. مۇستەملىكىلەر ھوكۇ-
رانلىق قىلغان دەۋردە، دۆلەت نامى بىر مەزگىل "ئالتۇن
قىرغاق" دەپ ئاتالغان ئىدى، مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن
قەدىمقى دۆلەت نامى — گانا قوللىنىلىپ، خەلقنىڭ دۆلەت-
نىڭ مۇستەقىللىقىنى ۋە مىللىي ئەركىنلىكىنى قوغداش
ئىرادىسى نامايەن قىلىندى.

مىسىر، موزامبىك، زىمبابۋېغا قەدىمقى شەھەر-
قورغان نامى قويۇلغان. مىسىر گرېكچە سوز بولۇپ، قەدىمقى
زاماندىكى ئاتاقلىق شەھەر مېمفىسنىڭ گرېكچە نامى
ئۇ، "قارا رەڭ" دېگەن مەنىدە. مېمفىس قاھىرگە يېقىن
شەھەر بولۇپ، ئۇ يەردە نۇرغۇن مەشھۇر قەدىمىي يادى-
كارلىقلار بار. زىمبابۋېمۇ مەشھۇر مەدىنىي يادىكارلىقنىڭ
نامى، ئۇ، يەرلىك بانتۇ تىلىدا "تاش شەھەر" دېگەن
مەنىنى بىلدۈرىدۇ. زىمبابۋېغا ھازىرغىچە رودېزىيە ئاق
تەنلىك ئىرقچىلار ھوكۇمرانلىق قىلماقتا، ئەمما، يەرلىك
خەلق مۇستەملىكچى رودېزنىڭ ئىسمى قويۇلغان دۆلەت
نامىنى تۈكۈرۈپ تاشلاپ، زىمبابۋېنى ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت
نامى قىلدى. بۇ نامنى دۇنيا خەلقى قوللىماقتا. بەزى
دۆلەتلەرنىڭ نامى ئۆزى جايلاشقان جۇغراپىيىلىك ئورۇن
بىلەن ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، ئوتتۇرا ئافرىقا جۇمھۇ-
رىيىتى، ئىسمىدىن مەلۇم بولغىنىدەك، ئافرىقىنىڭ ئوتتۇرا
قىسمىغا جايلاشقان. بۇ دۆلەتنىڭ ئەسلى نامى ئۇبانگى-



شارى بولۇپ، شۇ مەملىكەتتىكى ئۇبانگى دەرياسى بىلەن
شارى دەرياسىنىڭ نامى قويۇلغان.

يەنە بەزى دۆلەتلەرگە ئايرىم سوزنىڭ مەنىسى
نام قىلىپ قويۇلغان، مەسىلەن، ماراكەش دېگەن نام
ئۈستىدە ئىككى خىل تەبىر بار، بىرى، بۇنىڭدىن 3 مىڭ
نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى ئاسىيانىڭ غەربىدىكى پىنىكىلار
دېڭىز ساياھىتى قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ، شۇ يەرنىڭ
ھاۋاسىنى ناھايىتى ياقتۇرغان ۋە بۇ يەرگە "دەم ئېلىش
ئورنى" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان ماراكەش دېگەن
نامنى قويۇپ قويغان، دېگۈچىلەر بار. يەنە بىرى،
ماراكەش "ئەڭ غەربتىكى يەر" دېگەن مەنىدىكى ئەرەبچە
سوز "مەغرىب" تىن كەلگەن دېگۈچىلەرمۇ بار. قەدىمقى
ئەرەبلەر پۈتكۈل شىمالىي ئافرىقىنى بويسۇندۇرغاندىن
كېيىن، ماراكەش دېڭىزنىڭ قىرغىقىغا يېتىپ كېلىپ،
ئاتلانتىك ئوكياندا توسۇلۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەرنى
يەرنىڭ ئەڭ چېتى دەپ قارىغان. كېيىن "مەغرىب"
مەخسۇس جۇغراپىيە ئاتالغۇسىغا ئايلىنىپ، يالغۇز مارا-
كەشنىلا ئەمەس، بەلكى ئالجىرىيە، تۇنىستىن ئىبارەت
3 مەملىكەتنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ قالغان. رېيونىيون
"ئىتتىپاقلىشىش" ياكى "بىرلىشىش" دېگەن مەنىدە. غەر-
بىي سەھرايى كەبىرگە كەلسەك، ئەرەبچىدە "قۇرۇق"،
"ھېچنېمە يوق" دېگەن مەنىدە بولۇپ، قۇملۇقنى تەس-
ۋىرلەيدىغان سوز. غەربىي سەھرايى كەبىر ئاساسەن
قۇملۇقتىن ئىبارەت.

# لاتىن ئامېرىكىسى ئەللىرىدىكى مىللەت ۋە دولەت ناملىرى

لاتىن ئامېرىكىسى ئامېرىكا قىتئەسىدە بولۇپ، ئامې- رىكىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنى كورسىتىدۇ، ئۇ، شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى مېكسىكا، ئوتتۇرا ئامېرىكا قىتئەسى، غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرى ۋە جەنۇبىي ئامېرىكىدىن ئىبارەت 4 رايوننى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ. ھازىر، لاتىن ئامېرىكىسىدا جەمئى 30 مۇستەقىل دولەت بار. بۇنىڭ سىرتىدا، ھېلىمۇ ئەنگلىيە، ئامېرىكا، فرانسىيە ۋە گول- لاندىيىنىڭ ھوكۇمرانلىغىدا تۇرۇۋاتقان ئون نەچچە مۇستەملىكە بار. بۇ رايون 15 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن كېيىنكى 300 يىلدىن كوپرەك ۋاقىت داۋامىدا، ئاساسەن ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە قاتارلىق لاتىن تىلى سېستىمىسىدىكى دولەتلەرنىڭ مۇستەملىكىسى بولۇپ كەلگەنلىكتىن، لاتىن ئامېرىكىسى دەپ ئاتالغان. لاتىن تىلى دىگىنىمىز قەدىمقى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ تىلى بولۇپ، بۇ تىلدا سوزلىشىدىغان قەدىمقى رىم شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار "لاتىئوم" دەپ ئاتالغانلىغى ئۈچۈن، بۇ تىل لاتىن تىلى دەپ ئاتالغان.

لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ جەنۇپتىن شىمالىغىچە بولغان ئومۇمى ئۇزۇنلۇغى 11 مىڭ كىلومېتىردىن ئاشىدۇ،



www.uyghurkitap.com

شەرقتىن غەرپكىچە بولغان ئارىلىغىنىڭ ئەڭ كەڭ يېرى 5 مىڭ 100 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، قۇرۇقلۇق كۆلىمى 20 مىليون 700 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، پۈتۈن دۇنيا قۇرۇقلۇغىنىڭ تەخمىنەن 14 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، تەخمىنەن ئىككى ياۋروپاغا تەڭ كېلىدۇ.

لاتىن ئامېرىكىسىدا تەخمىنەن 339 مىليوندىن كوپرەك ئاھالە بار، ئاساسىي ئاھالىسى ھىندى - ياۋروپا ئىرقىدىكىلەر ۋە شالغۇت تەنلىكلەر، ئاق تەنلىكلەر، ھىندىئانلار، قارا تەنلىكلەر، ھىندىلار ۋە باشقىلاردىن ئىبارەت. ئاھالىنىڭ كوپ قىسمى كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ.

ھىندىئانلار — لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ بۇرۇنقى خوجايىن- لىرى. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، ھىندىئانلار ئاسىيادىكى موڭغۇلىيە ئىرقىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇلار 20 - 30 مىڭ يىل بۇرۇنقى مۇز دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا بېرىڭ بوغۇزىدىن ئوتۇپ، ئالياسكا ئارقىلىق پۈتۈن ئامېرىكا قۇرۇقلۇغىغا تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان. ئۇلار ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مۇشۇ يەردە ياشاپ، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى يەرلىك مىللەت بولۇپ قالغان. 15 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، ئىتالىيىلىك دېڭىز ساياھەتچىسى كولومبو ساياھەت قىلىپ ئامېرىكا قىتئەسىگە كەلگەندە، شەرقتىكى ھىندىستانغا كەلدىم دەپ ئويلاپ، شۇ يەردىكى ئاھالىنى "ھىندىستان ئاھالىسى" دىگەن مەنىدە ھىندىئانلار دەپ ئاتىغان. 15 - ئەسىردىن 16 - ئەسىرگىچە بۇ رايون ئىسپانىيە بىلەن پورتۇگا- لىيىنىڭ مۇستەملىكىسى بولغان. كېيىن ئەنگلىيە، فرانس- سىيە، ئامېرىكا قاتارلىق مۇستەملىكىچىلەر ئارقا - ئارقىدىن

بۇ يەرگە بېسىپ كىرگەن ھەممە لاتىن ئامېرىكىسىغا تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئائىلە كۆچۈرگەن. مۇستەملىكىلەرنىڭ ھەددەپ ئېچىلىشى ۋە مۇستەملىكىچىلەرنىڭ بۇلاڭچىلىقلىرى ئارقىسىدا، تېخىمۇ كوپ ئەمگەك كۈچىگە ھاجەت چۈشكەن، ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ قىرغىنچىلىقى، قۇل قىلىشى ۋە زۇلمى ئارقىسىدا، بۇ يەردىكى ھىندىئانلار تەردىجى ھالدا ئازىيىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن مۇستەملىكىچىلەر ئافرىقىدىن نۇرغۇن نېگىر قۇللارنى ئېلىپ كەلگەن. نەتىجىدە، لاتىن ئامېرىكىسىدا ئولتۇراقلاشقان ئىرقلاردا تەدرىجىي ئۆزگىرىش بولغان: ياۋروپالىق ئاق تەنلىكلەر، ئافرىقىلىق نېگىرلاردىن ھەممە بۇ رايوندا ياشاپ كەلگەن ھىندىئانلاردىن باشقا، شالغۇت ئىرقلار پەيدا بولغان.

لاتىن ئامېرىكىسىدا تۇغۇلغان ياۋروپالىق ئاق تەنلىكلەر "كرىئولار" دەپ ئاتالغان. ھازىر ياۋروپالىق ئاق تەنلىك كوچمەنلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى — كرىئولار تەخمىنەن 100 مىليوندىن كوپرەك بولۇپ، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 30 پىرسەنتىدىن كوپرەگىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلار ھىندىئانلار بىلەن جۈپلىشىپ، "مېستىزو" دەپ ئاتىلىدىغان شالغۇت ئىرقىنى تەشكىل قىلغان، نېگىرلار بىلەن جۈپلىشىپ، "موراتو" دەپ ئاتىلىدىغان باشقا بىر خىل شالغۇت ئىرقىنى تەشكىل قىلغان. بۇنىڭ سىرتىدا، نېگىرلار باشقا ئىرقتىكىلەر بىلەن جۈپلىشىپ تەشكىل قىلغان شالغۇت ئىرقمۇ بار. 1976 - يىلى لاتىن ئامېرىكىسىدىكى شالغۇتلار 150 مىليونغا يېتىپ، ھازىرقى زامان لاتىن ئامېرىكىسى ئاھالىسىنىڭ مۇھىم قىسمى بولۇپ قالدى.



لاتىن ئامېرىكىسىدىكى دولەتلەر ئاساسەن، ئىسپانىيە ۋە پورتۇگالىيە تىلىنى قوللىنىدۇ. ھىندىئانلار كوپرەك مەملىكەتلەردە ھىندىئان تىلىمۇ ئومۇمىي تىل ھېساپلىنىدۇ. بۇنىڭ ھىندىئان تىلى بىر نەچچە يۈز خىلدىن ئاشىدۇ. بۇنىڭ سىرتىدا، بەزى مەملىكەتلەردە ئىنگلىز تىلى، فىرانسۇز تىلى، گوللاند تىلى ۋە بەزى ئافرىقا تىللىرىمۇ قوللىنىلىدۇ.

دولەت نامىلىرى كوپىنچە چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، ئومۇمەن ئۇلارنىڭ سىياسىي تارىخى، تەبىئىي مەنزىرىسى ۋە جۇغراپىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرىدىگە ئاساسەن قويۇلغان، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مەملىكەتلەرنىڭ نامىلىرىدىمۇ بۇ خۇسۇسىيەت گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ. ئومۇمەن مۇنداق 3 خىل ئەھۋال بار:

بىرى، ھىندىئان مىللىتىنىڭ ئۇزاق تارىخى، شانلىق مەدەنىيىتى ۋە مىللىي ئىپتىخارى، مۇستەقىللىق سىمۋولى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن نامىلار، مەسىلەن، مېكسىكا، پېرو، نىكاراگۇئا قاتارلىقلار مۇشۇ خىل ئەھۋالغا كىرىدۇ.

مېكسىكا — ھىندىئانلارنىڭ "مېكسىتېر" دىگەن سوزىدىن كەلگەن. "مېكسىتېر" — يەرلىك ھىندىئانلار ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ قەبىلە — ئازتېكا مىللىتىنىڭ غازات مۇئەككىلىنىڭ تەخەللۇسى.

پېرو — ئەسلىدە ھىندىئانلار قۇرغان "ئىنكا ئىمپېرىيىسى" تۇرغان جاي. "پېرو" دىگەن سوز ھىندىئانچە "كوممە قوناق ئامبىرى" دىگەن بولىدۇ. چۈنكى كوممە قوناق شۇ چاغلاردا شۇ يەردىكى ئاساسلىق زىرائەت بولۇپ قالغان.

نىكاراگۇئاغا شۇ يەرلىك ھىندىئان قەبىلىسىدىكى

باتۇر، قەيسەر ئاقساقالنىڭ پەملىسى قويۇلغان. بۇ ئاقساقالنىڭ پەملىسى "نىكارۇ" ئىكەن.

شۇ يەرنىڭ جۇغراپىيىلىك خۇسۇسىيىتى ۋە تەبىئىي مەنزىرىسىگە ئاساسەن ھىندىيانلارنىڭ چىرايلىق سۆزلىرى بىلەن نام بېرىش — لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مەملىكەتلەرگە نام قويۇشتىكى ئىككىنچى خىل ئەھۋال. يامايكا، ھايتى، پاراگۋاي، ئۇرۇگۋاي، گۋىيانا، پاناما، گۋاتېمالا، چىلى، تىرىنىداد ۋە توباگو قاتارلىق دۆلەتلەر مۇشۇ خىل ئەھۋالغا كىرىدۇ.

ياماىكا — كارىب دېڭىزىدىكى ئۈچىنچى چوڭ ئارال. بۇ يەردە ئېگىز تاغ، جىمجىت جىلغىلار، سۈزۈك بۇلاقلار، زۇمرەتتەك سۇلار ۋە ياپ-يېشىل ئورمانلار بولۇپ، مەنزىرىسى ئاجايىپ گۈزەل. ھىندىيانلاردىن بولغان ئاراۋاك مىللىتىنىڭ تىلىدا، "ياماىكا" — "بۇلاق سۈيى ئارىلى" دىگەن بولىدۇ.

ھايتىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمى تاغلىق بولۇپ، تىك تاغلار، ئاجايىپ چوققىلار بار. ھىندىيانلاردىن بولغان ئاراۋاك مىللىتىنىڭ تىلىدا، "ھايتى" — "تاغلىق يەر" ياكى "ئېگىزلىك" دىگەن بولىدۇ.

پاراگۋاي تەۋەسىدە پاراگۋاي دەرياسى، پارانا دەرياسىدىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي دەريا بار؛ پاراگۋاي دەرياسىنىڭ ئومۇمى ئۇزۇنلۇغى 2 مىڭ 500 كىلومېتىر بولۇپ، پاراگۋاينى ئۇزۇنىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. ھىندىيانلاردىن بولغان گۇئارانى مىللىتىنىڭ تىلىدا، "پاراگۋاي" — "سۇ بىلەن بېزەلگەن" دىگەن بولىدۇ.

ئۇرۇگۋايغا شۇ يەردىكى ئۇرۇگۋاي دەرياسىنىڭ نامى قويۇلغان. ھىندىيانلاردىن بولغان گۇئارانى مىللىتىنىڭ تىلىدا، "ئۇرۇگۋاي" — "رەڭدار قۇشلار دەرياسى". "ئۇرۇقۇش قونىدىغان دەريا" دىگەن بولىدۇ. "ئۇرۇقۇش" شۇ يەردىكى ناھايىتى چىرايلىق رەڭدار قۇش ھېساپلىنىدۇ.

گۋىيانا تەۋەسىدە 4 چوڭ دەريا ۋە 20 دىن ئارتۇق شاقىراتما بولۇپ، سۇلۇق ئەل مەنزىرىسىنى ئالغان. ھىندىيان تىلىدا، "گۋىيانا" — "سۇلۇق يۇرت" دىگەن بولىدۇ.

پاناما — ھىندىيان تىلىدا "كېپىنەكلەر ماكانى" دىگەن بولىدۇ، پاناما تەۋەسىدىكى گاتون كۆلى بويىدا رەڭدار كېپىنەكلەر توختىماي ئۇچۇپ يۈرىدىغانلىغى، بەزىدە بۇ يەردە چىرايلىق "كېپىنەكلەر دېڭىزى" ھاسىل بولىدىغانلىغى ئۈچۈن، بۇ يەرگە "كېپىنەكلەر ماكانى" دىگەن نام قويۇلغان.

گۋاتېمالادا قويۇق ئورمانلار بار. ئورمان كۆلىمى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ 40 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئۇ يەردىن قىزىل ياغاچ قاتارلىق ئېسىل ياغاچ ماتېرىياللىرى كۆپ چىقىدۇ. "گۋاتېمالا" ھىندىيان تىلىدا "ئورمان مەملىكىتى" دىگەن بولىدۇ.

چىلىنىڭ نامى توغرىسىدا ھەر خىل تەبىرلەر بار، ئۇ "دۇنيانىڭ چېتى"، "يىراقتىكى كىشىلەر" دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دىگەن گەپلەر بار. قەدىمقى زاماندا قاتناش ئىشلىرى ئەپسىز بولۇپ، ئېگىز تاغ، بىپايان ئوكيان كىشىلەرنىڭ كەلدى-باردى قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغانلىغى ئۈچۈن، مۇشۇ مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردىن پەيدا بولغان



www.uyghurkitap.com

نام قويۇلغان.

سالۋادور — ئىسپانچىدا "نىجاتچى" دېگەن بولىدۇ، مۇستەملىكىچىلەرنىڭ سالۋادورنى "نىجاتچى" دەپ ئاتىشى، ئۇلارنىڭ ھەم ھىندىئانلارنى بۇلاپ - تالاش ۋە ئېزىش، ھەم ئۆزىنى "نىجاتچى" قىلىۋېلىشتەك ساختا قىياپىتىنى تولۇق ئاشكارىلاپ بېرىدۇ.



# ياۋروپادىكى مەملىكەتلەرنىڭ ناملىرى توغرىسىدا

ياۋروپا — ياۋروپا - ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ غەربىدە بولۇپ، يەر مەيدانى 10 مىليون كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق، ئاھالىسى تەخمىنەن 660 مىليون; ئوكيانىيىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، دۇنيادىكى يەر مەيدانى ئەڭ كىچىك، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاھالىسى ئەڭ زىچ قىتئە ھېساپلىنىدۇ. ياۋروپادا جەمئى 32 مەملىكەت بار (ۋاتىكان بۇنىڭ سىرتىدا)، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىككىنچى دۇنياغا مەنسۇپ، سانائىتى تەرەققىي قىلغان، ئۇلار ئىقتىسادىي جەھەتتە كۈچلۈك، ئۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكىنىڭ زومىگەرلىك ھوقۇقىنى تالىشىدىغان مۇھىم نۇقتا.

ياۋروپادىكى مەملىكەتلەر ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى، مەنىسى، ئۆزگىرىشىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەھلىل قىلساق، بۇ مەملىكەتلەرنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى، مىللەتلەر ۋە تىللار قاتارلىق جەھەتلەرنى چوڭقۇر چۈشىنىشىمىزگە سىرتتىن ياردەم بېرىدۇ.

## 1

ياۋروپادىكى مەملىكەتلەر ئىچىدە، ئىسلاندىيە بىردىن - بىر خەت مەنىسى بويىچە نام قويۇلغان دۆلەت. مىلادى

960 - يىلى شىمالىي ياۋروپالىق دېڭىز قاراقچىلىرى بۇ ئارالغا چىققاندا، كۆزنى چاقنىتىدىغان بەپايان قار-مۇزلارنى كۆرۈپ، ئۇنى مۇز ئارال دەپ ئاتىغان. ئىسلاندىيە شىمالىي قۇتۇپ چەمبىرىگە يېقىن بولۇپ، ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ 13 پىرسەنتىنى مۇز قاپلاپ تۇرىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ جەنۇبىي دېڭىز بويلىرى مېكسىكا قولتۇغىدىكى ئېقىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، يىل بويى موتىدىل تۇرىدۇ، ئەڭ سوغاق ئايلاردىمۇ تېمپېراتۇرا نۆل گىرادۇستىن يۇقۇرى بولىدۇ.

"دانىيە" — گېرمان قەبىلىلىرىدىن بولغان دانىلار ئولتۇراقلاشقان يەر دىگەن مەنىدە. "دا" قەدىمقى نېمىس تىلىدا ساي ياكى ئورمانلىق دىگەن بولىدۇ، 15 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، دانىلار، يوتلاندىيە يېرىم ئارىلىغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. "نىيە" — زېمىن ياكى ئەل دىگەن بولىدۇ.

شۋېتسىيىنىڭ نامى ئوتتۇرا ئەسىردە بۇ مەملىكەتنىڭ جەنۇبىدىكى مېلارېن كۆلى رايونىدا قۇرۇلغان سىۋىيە دۆلىتى دىگەن سۆزدىن ئۆزگەرتىپ قويۇلغان. "سىۋىيە" قەدىمقى نېمىس تىلىدا "تۇققان" دىگەن بولىدۇ.

نورۋېگىيە — "شىمالغا بارىدىغان يول" دىگەن بولىدۇ، ئېيتىلىشىچە، قەدىمقى شىمالىي ياۋروپالىقلار سكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلىغا بارىدىغان "شىمالىي يول" (Norreweg) دىگەن بىر دېڭىز يولى بولغان، يەنى يېرىم ئارالنىڭ شىمالىدىكى دېڭىز قىرغىقىنى بويلاپ ماڭسا مۇشۇ يەرگە كەلگىلى بولىدىكەن. "نورۋېگىيە" دىگەن سۆز تەخمىنەن 9 - ئەسىردىلا پەيدا بولغان.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

2

سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپا، شەرقىي-جەنۇبىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىگە دىگۈدەك مىللەت ياكى قەبىلىلەرنىڭ نامى بېرىلگەن.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن ئىلگىرى چار پادىشا ھوكۇمرانلىق قىلغان بولۇپ، رۇس ئىمپېرىيىسى، قىسقىچە چار روسىيە دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ نامى رۇس دىگەن سۆزدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن. "رۇس" ئوتتۇرا ئەسىردە شەرقىي ياۋروپادا پەيدا بولغان، ئۇ سكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلىدىن جەنۇپقا كەلگەن ۋالاكىيىلىكلەرنى كۆرسىتىدۇ. شۇ چاغدا جەنۇپقا كەلگەن ۋالاكىيىلىكلەر شۋېتسىيىنىڭ شەرقىي دېڭىز بويىدىكى روسلاگېن دىگەن ئاھالە رايونىدىن يولغا چىققان، شۇڭا سىلاۋيانلار ۋالاكىيىلىكلەرنى "رۇس" دەپ ئاتايدۇ. ئوكتەبىر ئىنقىلاۋى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، 1922 - يىل 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر بىرلىشىپ، سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى — "سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقى" نىڭ قىسقارتىپ ئاتىلىشى.

رۇمىنىيە ئەسلىدە داچىيە دۆلىتى ئىدى، مىلادى 106 - يىلى ئۇنى رىم ئىمپېرىيىسى ئىستىلا قىلىۋېلىپ، رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ مۇنبەت چېگرا ئۆلكىسىگە ئايلاندۇرۇۋالغان، كېيىن يەرلىك داچىيىلىكلەر بىلەن رىملىقلار

ئاردىلاش ئولتۇرۇپ، ئۇزئارا قوشۇلۇش ئارقىسىدا، رۇمىنىيە مىللىتى پەيدا بولغان. رۇمىنىيە دىگەن نام ئەنە شۇنىڭدىن كەلگەن.

چېخوسلوۋاكىيىنىڭ ئاھالىسى ئاساسەن غەربىي سلاۋىيانىدىكى ئىنتايىن يېقىن ئىككى مىللەت — چېخلار بىلەن سىلوۋاكلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، دولەت نامى ئەنە شۇنىڭدىن كەلگەن. پولشا — پولەكلەر ئولتۇراقلاشقان يەر، 9 — 11 - ئەسىرلەردە، قەدىمقى پولەكلەر، ۋىسلاۋلار، مازوۋشلار پولەك قەبىلىسىنى تەشكىل قىلغان. بۇلغارىيە تۈرك ئىرقىغا مەنسۇپ بولغان بۇلغارلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇلغارلار ئەسلىدە ۋولگا دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا پادىشالىق قۇرغان. 7 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى دوناي دەرياسىدىن ئوتۇپ، بۇلغارىيە ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان.

يۇگوسلاۋىيە — مىللەت نامىنى دولەت نامى قىلغان ئەڭ تىپىك مىسال. ھازىرقى يۇگوسلاۋىيە سوتسىيالىستىك فېدېراتىپ جۇمھۇرىيىتىدىكى بىر نەچچە ئاساسلىق مىللەت، مەسىلەن، ساربىيىلىكلەر، كرودىيىلىكلەر، سلوۋېنىيىلىكلەر، ماكېدونلار، مونتېنېگرولار ۋە بوسنىيىلىكلەرنىڭ ھەممىسى جەنۇبىي سلاۋىيانلارغا مەنسۇپ.

## 3

غەربىي ياۋروپا بىلەن جەنۇبىي ياۋروپا — ئىلگىرى ئاخىر قەدىمقى يونان، قەدىمقى رىم ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى چارلىم ئىمپېرىيىسى، مۇقەددەس رىم ئىمپېرى-



يىسى تۇرغان جاي. شۇڭا، بۇ رايوندىكى بەزى مەملىكەتلەر نامىدىمۇ مۇشۇنداق تارىخ ئىزلىرى ئاز - تولا ساقلىنىپ قالغان.

فرانسىيىنىڭ تولۇق ئاتىلىشى فرانسىيە جۇمھۇرىيىتى بولۇپ، بۇ نامنى گېرمان قەبىلىسىدىكى فرانكلار قويغان. سوز مەنىسى بويىچە، ئەركىن كىشىلەر دىگەن بولىدۇ. فرانك پادىشالىقى مىلادى 5 - ئەسىردە قۇرۇلغان.

ئىتالىيە مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5 - ئەسىردە Vitalia دەپ ئاتالغان. ئىتالىيە دىگەن نام ئەنە شۇنىڭدىن كەلگەن. ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى بىر قەبىلە باشلىقىنىڭ نامى ئىمىش، توتېمە دەيدىغان مەلۇم بىر قەبىلىنىڭ نامى بولۇشىمۇ مۇمكىن. دەسلەپتە، كالابرىيە رايونىلا كوزدە تۇتۇلغان، كېيىن، رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، بۇ نام تەدرىجى ھالدا پۈتكۈل ئاپېنىنىن يېرىم ئارىلىغىچە كېڭەيتىلگەن.

ئاۋستىرىيە — لاتىنچە "شەرقتىكى جايلار" دىگەن سوزدىن ئوزگەرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ نېمىسچە ئاتىلىشى Oesterreich. چارلىم ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە، ئاۋستىرىيە ئەترابلىرى "شەرقتىكى چېگرا رايون" دەپ ئاتالغان. شۋېتسارىيە دىگەن سوز شۇ مەملىكەتتىكى ئاساسلىق ئىشتات بولغان سۋىز ئىشتاتىدىن ئوزگەرگەن. سۋىز دىگەن سوز قەدىمقى نېمىس تىلىدىكى "ئورتەش" دىگەن سوز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. بۇ جايلار ئەسلىدە بىپايان ئورمانلىق بولۇپ، بۇ ئورمانلار كويدۇرۇۋېتىلگەندىن كېيىنلا، ئىنسانلارنىڭ ئولتۇراقلىشىشىغا باپ كەلگەن.

ئىبېرىيە يېرىم ئارىلىدىكى ئىسپانىيە بىلەن پورتۇ-
گالىيىنىڭ دۆلەت نامى ئۇلارنىڭ تارىخى بىلەن مۇنا-
سىۋەتلىك بولسا كېرەك. ئىسپانىيىنىڭ نامى رىمنىڭ
ئۇنى Hispania دەپ ئاتىغانلىقىدىن ياكى گرېكچە
Spania دېگەن نامدىن كەلگەن. ئۇنىڭ سۆز يىلتىزى
توشقان مەنىدە ئىكەن. قەدىمكى كارفاگېنلار بۇ يېرىم
ئارال قىرغىقىدا مۇستەملىكە قۇرغاندا، توشقاننىڭ ناھايىتى
كۆپلۈكىنى كۆرۈپ، ئۇنى Span دەپ ئاتىغان. پورتۇ-
گالىيە دېگەن سۆز شۇ مەملىكەتتىكى ئىككىنچى چوڭ
شەھەر پورتودىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، بۇ سۆز
لاتىنچىدا "ئىللىق پورت" دېگەن بولىدۇ، باشتا پورتو
ئەتراپىدىكى جايلارنى، كېيىن تەدرىجى ھالدا پۈتۈن
پورتۇگالىيىنى كۆرسەتكەن.

غەربىي ياۋروپادىكى گوللاندىيە، بېلگىيە ۋە ليۇك-
سېمبۇرگنى كىشىلەر ئادەتتە ئومۇملاشتۇرۇپ پەس يەردىكى
دۆلەتلەر دەپ ئاتىغان. گوللاندىيىنىڭ رەسمىي دۆلەت
نامى نىدېرلاند، يەنى پەس يەردىكى دۆلەت دېگەن
مەنىدە، گوللاندىيە دېگەن سۆز ئومۇمەن گېرمان تىلىدا
ئورمانزارلىق دېگەن بولىدۇ دەپ قارالماقتا. بېلگىيە
دېگەن سۆز قەدىمقى كېلت قەبىلىسىدىكى بېلگىيلاردىن
كەلگەن. بېلگىي كېلت تىلىدا "باتۇر"، "ھەربىي ئىشلارنى
ھەممىدىن ئەلا بىلىش" دېگەن بولىدۇ. ليۇكسېمبۇرگ
مىلادى 963 - يىلىدا Lucilinburhuc دېيىلىپ، قەدىمقى
ساكسونىيە تىلىدىن ئۆزگەرگەن، ئۇ، "كىچىك بازار"
دېگەن بولىدۇ. ئېپى كەلگەندە شۇنىمۇ ئېيتقاچ كېتەيلىكى،
كىشىلەر بۇ 3 مەملىكەت نامىنىڭ باش ھەرپىنى قوشۇپ
Benelux دەپ، 3 دۆلەتنىڭ ئومۇمىي نامى قىلىۋالغان.



www.uyghurkitap.com

ياۋروپادىكى بەزى مەملىكەتلەرنىڭ ئاتىلىشى قول-
لىنىلىدىغان نامىلاردىن باشقا، ئۆزىگە خاس نامىلىرىمۇ بار.
مەسىلەن، فىنلاندىيىنى ئۆزلىرى كول، سازلىق دىيىشىدۇ،
مەنىسىدە سومى (Suomi) دەپ ئاتايدۇ. مەلۇماتلارغا
قارىغاندا، فىنلاندىيىدە چوڭ - كىچىك 60 مىڭدىن
ئارتۇق كول بولۇپ، "كوللار دۆلىتى" دېگەن نامىنى
ئالغان. ۋېنگرىيە ئۆزىنى ماگيار دەپ ئاتايدۇ. ماگيارلار
ۋېنگرلارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇپ، مىلادى 9 -
ئەسىردە غەربىي ئاسىيادىن ياۋروپاغا كېلىپ، ۋېنگرىيە
دۆلىتىنى قۇرغان. ئالبانىيە ئۆزىنى تاغ بۈركۈتى دۆلىتى
دېگەن مەنىدە Shqiperia دەپ ئاتايدۇ. شۋېتسارىيە
ئۆزىنى قەدىمقى شۋېتسارىيىدىكى بىر قەبىلىنىڭ نامى
بىلەن Helvétie دەپ ئاتايدۇ. گرېتسىيە ئۆزىنى ئەزەلدىن
"دېڭىز ئىسكىلاتى" دەپ ئاتاپ كەلگەن.

ئايرىم دۆلەتلەر ئوخشاش بولمىغان تىللاردا ھەر
خىل ئاتىلىدۇ. بۇنداق ئاتاشلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە
مەنىسىمۇ ھەر خىل. مەسىلەن، گېرمانىيىنىڭ ئەسلى
يېزىلىشى Deutschland، بۇ، قەدىمقى نېمىس تىلىدا
"خەلقنىڭ دۆلىتى" دېگەن بولىدۇ. ئىنگلىزچىدىكى
Germany — گېرمانلار ئولتۇراقلاشقان جاينى كۆرسىتىدۇ.
ئۇنىڭ فرانسۇزچە نامى Allemagne — 3 - ئەسىردىكى
بىر قەبىلە گۇرۇھىنىڭ نامى ئاللېماگنى بىلەن ئاتالغان.

## 4

ياۋروپادا ئاندوررا قاتارلىق 4 كىچىك مەملىكەت
بار. ئاندوررا رەسمىي ھۆججەتلەردە "ئاندوررا جىلغىسى"

دەپ ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ مىلادى 6-، 7-ئەسىرلەردە مۇستەقىل بولغاندا، فرانك پادىشاسى بۇ ئەلگە ئىنجىلدىكى "يىدورا" دىگەن نامنى قويۇپ قويغان، "يىدورا" دىگەن سۆزنىڭ ئاھاڭى ئۆزگىرىپ، بۇ دۆلەتنىڭ نامى ئاندوررا بولۇپ قالغان. لىختېنشتېيننىڭ دۆلەت نامى 1719 - يىلى شۇ دۆلەت قۇرۇلغان چاغدىكى پادىشانىڭ نامىغا ئاساسەن قويۇلغان. ئۇ نېمىسچىدا "پاقىراپ تۇرىدىغان تاش" دىگەن بولىدۇ، بۇ مەملىكەتتە مەرمەر تاش كۆپ چىقىدۇ. موناكو دىگەن نام گرېكچىدا موناكى بولۇپ، دەرۋىش ياكى راھىپ دىگەن بولىدۇ. موناكو شەھىرىدىكى ئېگىز تاغدا موناكى ھىراكلىسقا باش ئۇرىدىغان رىم ئىبادەتخانىسى بار، موناكونى يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى ئۇلۇغ پالۋان ھىراكلىس قۇرغانمىش. سان - مارىنو دىگەن نام 3 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۆتكەن تاشچى، خىرىستىيان مۇرىدى مارىنونى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن قويۇلغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ زىيانكەشلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، جاپا - مۇشەققەتلەرگە قارىماي، ئاپىننىن تېغىغا قېچىپ كەلگەنمىش. بۇ دۆلەت كىچىك بولۇشىغا قارىماي، چەتنىڭ تاجاۋۇزىدىن مۇداپىئەلىنىشتە شەرەپلىك تارىخقا ئىگە.

ياۋروپادىكى مەملىكەتلەر ئىچىدە ئەڭ كېيىن قۇرۇلغان دۆلەت — مالتا ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىستىراتېگىيىلىك ئورنى مۇھىم، دېڭىز بويلىرىدا ياخشى پورتلار كۆپ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مالتا دىگەن سۆز پېنىكلار تىلىدا پانا جاي دىگەن بولىدىكەن.



ئەنگلىيىگە كەلسەك، ئۇنىڭ رەسمىي نامى بۈيۈك برىتانىيە ۋە شىمالىي ئىرلاندىيە قوشما پادىشالىقى، قىسقارتىلىپ قوشما پادىشالىق دەپ ئاتىلىدۇ. بۈيۈك برىتانىيە — ئەنگلىيىنىڭ ئۆز زىمىنىدىكى ئەڭ چوڭ ئارالنىڭ نامى، ئۇ، ئىرلاندىيە ئارىلى ۋە ئۇنىڭ ئەتىراپىدىكى باشقا ئاراللار بىلەن قوشۇلۇپ، برىتانىيە تاقىم ئاراللىرى دەپ ئاتىلىدۇ. برىتانىيە دىگەن نام قەدىمقى رىمدىن كەلگەن بولۇپ، قەدىمقى كېلتلار ئارىسىدىكى برىتانلار مۇشۇ يەردە ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، شۇ چاغدا كىشىلەر ئۇنى برىتانىيە دەپ ئاتىغان. مىلادى 5 - ئەسىردە، برىتانلار گېرمانلارنىڭ تاجاۋۇزىدىن قېچىپ، بۈيۈك برىتانىيە ئارىلىدىن فرانسىيىنىڭ غەربىي شىمالىغا كۆچۈپ بارغان. شۇنىڭ بىلەن بۈيۈك برىتانىيىگە مۇناسىپ ھالدا، فرانسىيىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بۇ جاي برىتانىيە ياكى كىچىك برىتانىيە دەپ ئاتالغان.

ئەنگلىيە ئىنگلاند دىگەن سۆزدىن كەلگەن. ئۇنىڭغا گېرمان قەبىلىسىدىن بولغان ئانگىلولارنىڭ نامى قويۇلغان. مىلادى 5 - ، 6 - ئەسىردە ئۇلار ئىنگلاندقا تاجاۋۇز قىلغان. ئانگىلو قەدىمقى نېمىس تىلىدا "تۇمشۇق" دىگەن بولىدۇ، دىگەن تەبىرلەر بار. ئەسلىدە بۇ قەبىلە غەربىي ياۋروپانىڭ شىمالىي چېتىدىن (شىمالىي "تۇمشۇق" تىن) كەلگەن بولۇپ، كېيىن بۇ قەبىلە "تۇمشۇق" يەنى ئانگىلو دەپ ئاتالغان.

تارىختا پۈتكۈل ئىرلاندىيە ئارىلى بىر مەھەل ئەنگلىيىگە تەۋە بولغان، شۇ چاغدا ئەنگلىيىنىڭ رەسمىي نامى بۈيۈك برىتانىيە ۋە ئىرلاندىيە قوشما پادىشالىقى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دەپ ئاتالغان. 1921 - يىلى ئىرلاندىيىنىڭ جەنۇبىدىكى 26 شىر مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، ھازىرقى ئۆزگەرتىلگەن. ئىيىرلاندىيىگە ئىرلاندلارنىڭ نامى بېرىلگەن ئۇ "غەرپتىكى" ياكى "يېشىل" دىگەن بولىدۇ.

ئەنگلىيە فېدېراتسۋى دىگەن سوز بىرىنچى ئۇرۇشىدىن كېيىن پەيدا بولغان. بۈيۈك ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسى — كۆندىن - كۆنگە ئاجىزلاپ كېتىۋاتقان تەملىكچىلىك ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، دومىنونلار مۇستەملىكىلەر ۋە فېدېراتسىقا ئەزا باشقا دولەتلەردىن تەشكىل قىلغان تارقاق قوشۇلما گەۋدىگە بۈيۈك ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئورنىدا بېرىلگەن نام. ھازىر ئۇنىڭدا ئەزا دولەت بار.



# ئوكيانىيىدىكى يەر ناملىرى توغرىسىدا

ئوكيانىيە — دۇنيادىكى 7 قىتئە ئىچىدە قۇرۇقلۇق كولىمى ئەڭ كىچىك، ئەمما يەر شارىدا ئىگەللىگەن دېڭىز يۈزى ئىنتايىن بىپايان قىتئە.

كىشلەر ئوكيانىيە دىگەن بۇ نامنى 1812 - يىلىدىن كېيىنلا قوللىنىشقا باشلىغان. ئۇ ئاۋستىرالىيە قۇرۇقلۇغىنى ۋە ئوتتۇرا تىنچ ئوكيان بىلەن جەنۇبىي تىنچ ئوكياندىكى ئاراللارنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئاراللار دۇنياسىدا، تاغلار ئۇزاققا سوزۇلغان چوڭ قۇرۇقلۇق ئاراللىرى، تۇمان بېسىپ كەتكەن يانار تاغ ئاراللىرى، كوكوس ئورمانلىرى ئوراپ تۇرغان مارجان خادا تاشلار بار. كىشلەر بۇ ئاراللارنى 3 چوڭ تۈركۈمگە بۆلۈپ، مېلانېزىيە، مىكرونېزىيە ۋە پولىنېزىيە دەپ ئاتايدۇ. بۇ نامنىڭ ئۈچىلىسى گىرېكچىدىن كەلگەن. مىلانېزىيە "نېگىرلار تاقىم ئاراللىرى" دىگەن بولىدۇ. بۇ تاقىم ئاراللاردىكى ئاھالىنىڭ تېرىسى تۇم قارا، چاچلىرى يۇمشاق بۇدۇر بولۇپ، قارا تەنلىكلەرگە مەنسۇپ بولغانلىغى ئۈچۈن مۇشۇ نام قويۇلغان. مىكرونېزىيىدىكى ئاراللارنىڭ كوپ قىسمى توۋەن مارجان ئاراللىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، مىلانېزىيە بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭغا قاراشلىق مارشال تاقىم ئاراللىرى، گىلبېرت تاقىم ئاراللىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كىچىكرەك. مىكرونېزىيە "كىچىك تاقىم ئاراللار" دىگەن بولىدۇ. پولىنېزد-

يىدىكى ئاراللار ھەممىدىن كۆپ بولۇپ، ئۇ ئىگىلە
لىگەن دېڭىز رايونى ئەڭ كەڭ. ئۇ "كۆپ ئاراللىق تاقىم
ئارال" دېگەن بولىدۇ.

ئاۋستىرالىيە دېگەن نام لاتىنچىدىن كەلگەن بولۇپ،
"جەنۇپ" دېگەن سۆز. قەدىمقى زاماندا، كىشىلەر يەر شا
رىنىڭ جەنۇبىدىمۇ بىر پارچە قۇرۇقلۇق بار دەپ پەرەز
قىلىپ ئۇ يەرنى "جەنۇپتىكى قۇرۇقلۇق" دېگەن مەنىدە
"تېرائوست" دەپ ئاتىغان. مىلادىيە 2 ـ ئەسىردە، مىسىرلىق
ئاتاقلىق جۇغراپىيەشۇناس تولېمي بۇ قۇرۇقلۇقنى يەر
خەرىتىسىگە كىرگۈزگەن، كېيىن كىشىلەر بۇ نامەلۇم "جە
نۇپتىكى قۇرۇقلۇق" نى تېپىش كويىغا چۈشكەن. 17 ـ
ئەسىرگە كەلگەندە، گوللاندلار ئاۋستىرالىيىنىڭ شىمالىي
دېڭىز قىرغىقىغا چىققان ھەمدە بۇ يەرگە "يېڭى گوللاندىيە"
دېگەن نامنى قويغان. شۇنىڭدىن كېيىن، يېڭى گوللاندىيە
دېگەن نام بىلەن ئاۋستىرالىيە دېگەن نام تەڭ ساقلانغان.
ئاۋستىرالىيە دېگەن بۇ نام 19 ـ ئەسىردىن كېيىنلا ئومۇمي
يۈزلۈك قوللىنىلغان.

ئوكيانىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يەرلىك خەلق
لەر مېلانېزىيىلار، مىكرونېزىيىلار ۋە پولىنېزىيىلار دەپ ئاتالغان،
ئۇلارنىڭ بۇ گۈزەل ئاراللىرىغا قويۇلغان نامىلار ۋە بۇ
ھەقتىكى ھېكايىلەر ئېنچىچىل ھالدا تارقىلىپ كەلگەن.
جەنۇبىي تىنچ ئوكياندىكى گۈزەل مەنزىرىلىك تاھىتى
ئارىلىنىڭ نامى پولىنېزىيە تىلىدىن كەلگەن بولۇپ، "كىچىك
ئارال" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭغا يېقىن جايدىكى
تۇئاموتۇ تاقىم ئاراللىرىنىڭ نامى توغرىسىدا ئىككى خىل
تەبىر بار، بىرى، "تۇئا" ـــ "دائىم ئۆرلەش" يەنى "دائىم



ئۆرلەپ تۇرىدىغان دولقۇنلۇق ئارال" دېگەن بولىدۇ؛ يەنە
بىرى، "تۇئا" دېگەن سۆز "پۇئا" دېگەن سۆزدىن ئۆزگە
رىپ كەلگەن، تۇئاموتۇ ـــ "يىراقتىكى ئارال" دېگەن بولىدۇ.
تۇئاموتۇ تاقىم ئاراللىرى بىر توپ مارجان ئاراللىرىدىن
تەركىب تاپقان، ئەتراپىدا ئۆرغۈن يوشۇرۇن خادا تاشلار
بار، يەر تۈزۈلۈشى پەس، خۇددى كۆك دېڭىزدا تۇرغان
بىر تۇتام مەرۋايىتقا ئوخشايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە،
تۇئاموتۇ تاقىم ئاراللىرى "تۆۋەن تاقىم ئارال"، "خەتەرلىك
تاقىم ئارال"، "مەرۋايىت تاقىم ئارىلى" دەپمۇ ئاتىلىدۇ.
ھاۋاي تاقىم ئاراللىرى تىنچ ئوكياندىكى ھالقىسىمان يانار
تاغلىققا جايلاشقان بولۇپ، تاقىم ئاراللارنىڭ ھەممىسى يانار
تاغلىق ئاراللاردىن ئىبارەت. ھاۋاي دېگەن سۆز پولىنېزىيە
تىلىدىن كەلگەن، ئۇ "ئىلاھلار ماكانى" ياكى "ئەۋلىيا ـ
ئەنبىيالارنىڭ بەخت ـ سائادەتلىك ماكانى" دېگەن بولىدۇ.
بۇنداق دېيىلىشىگە شۇ يەرلىك خەلقلەرنىڭ ھاۋاي تاقىم
ئاراللىرىدىكى مەشھۇر ماۋنارىيە يانار تېغى بىلەن ماۋناكىيە
يانار تېغى ئەۋلىيالار تۇرغان جاي دەپ قارىغانلىقى
سەۋەب بولغان. ئارافۇرا دېڭىزى، تونگا، فىجى پۈتۈنلەي
يەرلىكلەرنىڭ نامى. ئارافۇرا ـــ "ئادىمىزات يوق جاي"
دېگەن بولىدۇ. تونگا ئەسلىدە تونگانىڭ ئاساسىي ئارىلى
ئىدى، كېيىن پۈتۈن تاقىم ئارالنى كۆرسىتىدىغان بولغان.
تونگا ـــ "مۇقەددەس يەر" دېگەن بولىدۇ. فىجى دېگەن
نام شۇ يەردىكى ئاساسىي ئارال ـــ ۋىتى ئارىلى دېگەن
نامدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن. فىجى تاقىم ئاراللىرىدىكى يەنە
بىر چوڭ ئارال بولغان ۋانۇئا ئارىلى ـــ "چوڭ يەر" دېگەن
بولىدۇ. پاپۇئا ـــ يېڭى گۋىنىيە دېگەن نامدىكى پاپۇئا

دېگەن سۆز مالاي تىلىدىن كىرگەن بولۇپ، "بۇدۇر چاچلىقلار" دېگەن بولىدۇ، چۈنكى يەرلىك پاپۇئالارنىڭ چېچى بۇدۇر كېلىدۇ.

16 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 17 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە ۋە گوللاندىيە قاتارلىق مەملىكەتلەر ھازىرقى ئوكيانىيەدىكى دېڭىزلارغا ئارقا - ئارقىدىن ساياھەتچىلەرنى ئەۋەتىپ "تەكشۈرۈش" ئېلىپ بارغان. 18 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئەنگلىيىمۇ "تەكشۈرۈش" ئېلىپ باردى. شۇ چاغدىكى تەكشۈرگۈچىلەر "دېڭىز ساياھەتچىلىرى" ياكى "ساياھەتچىلەر" ئەمەلىيەتتە ئەۋەككۇلچىلەر، ئىستىلاچىلار ۋە بۇلاڭچىلار ئىدى. ھازىرقى ئوكيانىيەدىكى بىر قىسىم يەر ناملىرىنى ئەنە شۇ چاغدىكى "دېڭىز ساياھەتچىلىرى"، "ساياھەتچىلەر" خىيالىغا كەلگىنىچە قويۇپ قويغان. كوك تاقىم ئاراللىرىغا 18 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى ئەنگلىيىلىك "دېڭىز ساياھەتچىسى" جامىس كوكنىڭ نامى قويۇپ قويۇلغان؛ گىلبېرت تاقىم ئاراللىرى بىلەن مارشال تاقىم ئاراللىرىغا بولسا ئەنگلىيىلىك ئىككى نەپەر كېمە باشلىقىنىڭ نامى قويۇپ قويۇلغان. كېرمادېك تاقىم ئاراللىرى دېگەن نام فرانسىيىلىك "دېڭىز ساياھەتچىسى" نىڭ نامى. مارىئانا تاقىم ئاراللىرىنىڭ بۇرۇن ئىككى نامى بولغان، بىرى، "ئۈچ بۇرجەكلىك يەلكەن تاقىم ئاراللىرى" بولۇپ، 1521 - يىلى ماگېللاننىڭ كېمىسى ساياھەت قىلىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، يەرلىك ئاھالىنىڭ قېيىقلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئۈچ بۇرجەك يەلكەن بېكىتىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ مۇشۇ نامنى قويۇپ قويغان. يەنە بىرى، "ئوغرىلار تاقىم ئارىلى" دېگەن ھاقارەتلىك نام



بولۇپ، ماگېللاننىڭ كېمىسى قىرغاققا چىققاندا، بىر تۈركۈم ماترۇسلار يېمەكلىكلەرنى بۇلىغان ھەمدە يەرلىك ئاھالىنى ئۆزبېشىمچىلىق بىلەن ئۆلتۈرگەن، ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ مېلىنى بۇلايدىغان بۇ قىلمىش يەرلىك خەلقنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرگەن، ئۇلار دەرغەزەپ بولۇپ، جەڭ دۇمبىقىنى چېلىپ چىقىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن، بۇ بىر تۈركۈم ئىسپانىيەلىكلەر ئالدىراپ - تېنەپ قاچقاندا، مۇستەملىكىچىلەر ئادەتلىنىپ قالغان ئوغرى ئوغرىنى تۇت دەپ ۋاقىرىغاندەك ئۇسۇلنى قوللىنىپ، بۇ ئاراللارنى "ئوغرىلار تاقىم ئارىلى" دەپ ئاتىغان. كېيىن 1668 - يىلى بۇ ئارالغا يەنە ئىسپانىيە پادىشاسىنىڭ خوتۇنى مەرىيەمنىڭ نامىنى قويۇپ قويغان. مارىئانا مۇشۇ نامنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. يېڭى كولېدونىيە ۋە يېڭى ھېبرىدى تاقىم ئاراللىرى دېگەن نامنى بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ئەنگلىيىلىك "دېڭىز ساياھەتچىسى" كوك قويغان. يېڭى كولېدونىيە تاقىم ئاراللىرىدىكى ئورمانلار بىلەن چۆمكەلگەن دۆڭلەك ئېدىرلار شوتلاندىيىگە ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدۇ. قەدىمقى زاماندا، شوتلاندىيە كولېدونىيە دەپ ھېبرىدى بولسا شوتلاندىيىنىڭ غەربى دېڭىز قىرغىقىنىڭ سىرتىدىكى تاقىم ئاراللار دەپ ئاتىلىپ، بۇ ئىككى تاقىم ئارالغا "يېڭى" دېگەن تاج كىيگۈزۈپ قويۇلغان، بۇ، ئۇ يەرنىڭ ئەنگلىيە ئىشغالىيىتىدە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. سولومون تاقىم ئاراللىرى دېگەن بۇ نامنى پورتۇگاللار 1567 - يىلى قويۇپ قويغان. پورتۇگاللار سولومون تاقىم ئارىلىغا كەلگەندە، يەرلىك ئاھالىنىڭ ئۈچىسىغا نۇر چېچىپ تۇرغان ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرىنى ئارتىۋالغانلىقىنى كۆرۈپلا،

خوشاللىغىدىن قىنىغا پاتماي قالغان، «ئىنجىل» دا رىۋايەت قىلىنغان سولومون پادىشا ئالتۇن سېتىۋالغان يەرنى ئاخىر تېپىپتۇق دەپ ئويلاپ، بۇ تاقىم ئاراللارغا سولومون تاقىم ئاراللىرى دەپ نام قويۇپ قويغان. سولومون تاقىم ئاراللىرىدا راستىنلا ئالتۇن كانلىرى مول. پاپۇئا — يېڭى گۋىنىيىدىكى يېڭى گۋىنىيە دىگەن نامنى گوللاندلار قويغان. ئۇلار بۇ يەردىكى ئاھالىنىڭ غەربىي ئافرىقىدىكى گۋىنىيىلىك نېگىرلارغا ئوخشايدىغانلىغىنى كورۇپ، ئۇ يەرنى يېڭى گۋىنىيە دەپ ئاتىغان.

ئوكيانىيىدىكى بەزى ئاراللارنىڭ ئۆز نامىدىن باشقا نامى ياكى ئاتىلىشىمۇ بار. مەسىلەن، يېڭى زېلاندىيە "مائورىلا تاقىم ئارىلى" دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يېڭى زېلاندىيە مائورىلارنىڭ يۇرتى، شۇڭا مائورىلا تاقىم ئاراللىرى دەپ ئاتالغان. يېڭى زېلاندىيە گوللاندچە سوز بولۇپ، "دېڭىزدىكى يېڭى قۇرۇقلۇق" دىگەن مەنىنى بىلدۇرىدۇ. ئەمما، گوللاندىيىدە دېڭىز ئاراللىرىدىن تەركىپ تاپقان زېلاندىيە دىگەن ئولكە بار، يېڭى زېلاندىيەمۇ زېلاندىيە ئولكىسىگە قارىتىپ ئېيتىلغان. ساموئا "دېڭىز ساياھەتچىلىرى تاقىم ئارىلى" دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ساموئالار سۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلىدۇ، دېڭىز ئېقىمى ۋە پەسىل شاماللىرىنى چۈشىنىدۇ، ئۇلار دېڭىز سەپەرلىرىدە، يونۇلۇشنى قۇياش، سەييارىلەر ۋە ئۇچۇپ كېتىۋاتقان پەسىل قۇشلىرىغا قاراپ پەرق ئېتىۋېلىپ، دېڭىزدا يىراقلارغا سەپەر قىلالايدۇ؛ ئۇلار ھەم يەڭگىل، ھەم پۇختا قېيىقلارنى ياسايدۇ، بۇ تاقىم ئارال راستلا "دېڭىز ساياھەتچىلىرى تاقىم ئارىلى" دەپ ئاتاشقا مۇناسىپ. ئەمما، ساموئانىڭ "ھۆقۇشلار ماكانى" دىگەن



مەنىسىمۇ بار. ساموئا دىگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى، مۇنداق: مائورىلار يېڭى زېلاندىيىدىن بۇ يەرگە كەلگەندە، بىر توپ ھۆقۇشنى (توگە قۇش ئائىلىسىگە كىرىدىغان چوڭ قۇش، ھازىر نەسلى قۇرۇپ كەتتى) كورۇپ ناھايىتى ھەيران قېلىپ، ساموئا دەپ توۋلىۋەتكەن.

ئوكيانىيىدە دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ مارجان خادا تاشلار ۋە نۇرغۇن مارجان ئائىلانما قىيا تاشلار بار، بۇ تەبىي خۇسۇسىيەتلەرمۇ يەر ناملىرىدا ئەكس ئەتكەن، مەسىلەن، ئاۋستىرالىيىنىڭ شەرقىي شىمالىي قىرغىقى تېشىدىكى چوڭ قىيا تاشلار ۋە مارجان دېڭىزى. ئۇزىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنى بىلدۇرىدىغان يەر ناملىرىمۇ بار، مەسىلەن، ئامېرىكىنىڭ ھەربى بازىسى مىدۋاي ئارىلى (ئوتتۇرا مەنزىل ئارىلى) دەل ئامېرىكا قىتئەسى بىلەن ئاسىيا قىتئەسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان؛ يەنە مەسىلەن، ئانتىپودېس تاقىم ئارىلى (يېڭى زېلاندىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا، يېڭى زېلاندىيىگە قارايدۇ) نامى گىرېكچىدىن كىرگەن بولۇپ، "پۇت دۈمبىسىدىن تۈۋەنرەك نۇقتىغا ئۇدۇل" دىگەن مەنىنى بىلدۇرىدۇ، بۇ ئاراللارنىڭ ئورنى مېرىدىان سىزىقى باشلانغان گرېنۋىچ بىلەن پۇت دۈمبىسىدىن تۈۋەنرەك نۇقتىغا ئۇدۇلراق كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# دۇنيادىكى مەملىكەتلەر (رايونلار) پايتەخت (مەركەز) لىرىنىڭناملىرى توغرىسىدا

يەر ناملىرىنىڭ ئۆزىگە خاس مەنبەسى ۋە مەزمۇنى بار. پايتەخت بىر مەملىكەتنىڭ ھۆكۈمىتى تۇرىدىغان جاي، پايتەختنىڭ نامى تولا چاغلاردا بىر مەملىكەتنىڭ تارىخى، جۇغراپىيەۋى، مىللى، تىل ۋە دىنىي جەھەتتىكى بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى بىر تەرەپتىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

## 1

ئالاھىدە يىگىرمىچە دۆلەتنىڭ پايتەختىگە كىشىلەرنىڭ نامى قويۇلغان. بۇ كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى مىللى قەھرىماتلار، بەزىلىرى تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كىشىلەردىن ئىبارەت. بۇ مەملىكەتلەرنىڭ تەڭدىن تولىسىغا چەتئەل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ناملىرى قويۇلغان.

ئوتتۇرا دېڭىزغا جايلاشقان ئارال مەملىكىتى مالتانىڭ پايتەختى ۋالېتتا — بىر قەھرىماننىڭ نامى. 1565 - يىلى تۈركىيە مالتاغا تاجاۋۇز قىلغان. ئارالنى ساقلاۋاتقان ئاتلىق ئەسكەر تۈەنىنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئارال ئاھالىسى تۈەنجاڭ ژان. دېرا. ۋالېتتانىڭ باشچىلىقىدا تۈركىيە



تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، قانلىق جەڭلەر ئارقىلىق تاجاۋۇزچىلارنى چېكىندۈرگەن. 1566 - يىلى دۈشمەنلەرنىڭ يەنە تاجاۋۇز قىلىشىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن مالتا خەلقى ئارالدا قورغان قۇرغان، ۋالېتتانى خاتىرىلەش مەقسىدىدە، بۇ يېڭى قورغانغا ئۇنىڭ نامىنى قويغان، بۇ نام مالتانىڭ پايتەختى ۋالېتتانىڭ تەكتى بولۇپ قالغان.

زۇڭتۇڭنىڭ نامى قويۇلغان پايتەختلەردىن بىرنەچچىسى بار. ئامېرىكىنىڭ پايتەختى ۋاشىڭتون كۆپچىلىككە تازا تونۇش. ئۇ 1790- يىلى ئامېرىكىنىڭ پايتەختى قىلىپ بەلگىلەنگەن، پايتەخت 1800 - يىلى فىلادېلفىيەدىن بۇ يەرگە رەسمى كۆچۈرۈلگەن.

مونروۋىيە — لىبېرىيەنىڭ پايتەختى، ئۇنىڭغا ئامېرىكىنىڭ بەشىنچى قارارلىق زۇڭتۇڭى جامېس مونرونىڭ نامى قويۇلغان. ئۇ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە، 1822 - يىلى ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم نېگىرلار بۇ يەرگە قايتىپ كېلىپ، پايتەختكە مونرو دېگەن نامنى قويغان.

ئەنگلىيە كونا مۇستەملىكىچى مەملىكەت. ئەنگلىيىلىك ھۆكۈمرانلار، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە مۇستەملىكىچىلەرنىڭ نامى قويۇلغان پايتەختلەر دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە بار. مەسىلەن، جورجتائۇن (گۋايانا) بىلەن كىڭستون (يامايكا) غا ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئەنگلىيە پادىشاسى جورج III بىلەن ۋىلىيام III نىڭ نامى قويۇلغان. پاپۇئا — يېڭى گۋىنىيەنىڭ پايتەختى پورت - مورېسبىغا ئەنگلىيىلىك مۇستەملىكىچى جون مورېسبىنىڭ نامى قويۇلغان. ئېيتىلىشىچە، ئۇ 1873 - يىلى بۇ يەرنى تاپقانمىش. يېڭى زېلاندىيەنىڭ بۇرۇنقى پايتەختى ئوكلېند ئىدى، 1865 - يىلى ۋېللىڭتونغا كۆچۈرۈلگەن.

بۇ — ئەنگلىيىنىڭ دېڭىز ئارمىيە داجياڭى گراف ۋېللىڭ-تونىڭ نامى.

كونگو خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى براززاۋىل ئەسلىدە "قۇللار ئاتىسى" دەپ ئاتالغان فرانسىيىلىك مۇس-تەملىكەچى براززا ساۋورگنانىنىڭ نامىدىن كەلگەن. "ۋىل"-فرانسۇزچە Ville (شەھەر) نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى.

بوتسۋانا ئەنگلىيىنىڭ "ھامىيلىقىدىكى دولەت" بولۇپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ نامى بېچۇانالاند ئىدى. 1965-يىلىدىن ئىلگىرى، ئۇنىڭ پايتەختى جەنۇبىي ئافرىقا تەۋەسىدىكى مافېكىڭ دىگەن جايدا قۇرۇلغان ئىدى. مۇستەقىل بولغان-دىن كېيىن، ئۆز زېمىنىدا پايتەخت قۇرۇپ، ھابېرونى دەپ نام قويغان، بۇ، 19-ئەسىردىكى بىر ئاقساقالنىڭ نامى. زامبىيىنىڭ پايتەختى لۇساكاغا ئومۇمەن، ئاقساقالنىڭ نامى قويۇلغان دەپ قارالماقتا. ئىلگىرى بۇ كەنتتە زېنگىلار ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلار ئوۋچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرگەن، ئۇلارنىڭ لۇسائاكاس ئىسىملىك بىر ئاقساقىلى بولۇپ، ئۇ كىشى ئۇستا پالۋان ئىكەن، لۇساكا دىگەن نام ئەنە شۇ ئاقساقالنىڭ نامىنىڭ قىسقارتىلمىسى دىگەن رىۋايەتمۇ بار. بۇنىڭدىن باشقا، كولومبىيىنىڭ پايتەختى بوگوتا، سۋازىلېندنىڭ پايتەختى مبابانىمۇ ئاقساقالنىڭ نامى قويۇلغان.

پايتەختى ياكى مەركىزى ئادەم نامى بىلەن ئاتالغان مەملىكەتلەردىن يەنە ماۋرىتىيۇستىكى پورت-لۇئى، لىختېن-ىشتېيىندىكى ۋادۇتس، سېيشېلدىكى ۋىكتورىيە، جەنۇبىي ئافرىقا "ھوكۇمىتى" تۇرۇشلۇق جاي پرېتورىيە، رېيۇنوندىكى سېن-دېنى، پولشادىكى ۋارشاۋا، باھامادىكى ناسساۋ ۋە سېن-مارىنودىكى سېن-مارىنولار بار.



## 2

تۇرغۇن يەر نامىلىرى ئۆزلىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى ۋە تەبىى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ھەتتا توغرىدىن-توغرا باشقا يەر ناملىرىدىن ئېلىنغان.

دوست خوشنىمىز چاۋشيەننىڭ پايتەختى پىڭراڭ داتۇڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى مۇنبەت تۈزلەڭ-لىككە جايلاشقان، پىڭراڭ "تۈز يەر" دىگەن بولىدۇ.

بىرمۇنچە پايتەختلەر دەريا ئېغىزلىرىغا جايلاشقان ياكى ئۇنىڭ ئۆزى پورت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ناملىرى كۆپىنچە ئەنە شۇنىڭدىن كەلگەن. بېنىننىڭ پايتەختى پورتو-نوۋو پور-توگالىيىچىدە "يېڭى پورت" دىگەن بولىدۇ. سىرىلانكىنىڭ پايتەختى كولومبو 12-ئەسىردىلا قۇرۇلغان بولۇپ، شۇ چاغدا "كالامبا" دەپ ئاتالغان. 16-ئەسىردە پورتۇگالىيە مۇستەم-لىكىچىلىرى تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، بۇ يەردە ھەربىي بازا قۇرغاندا، ھازىرقى نامغا ئۆزگەرتىلگەن. ئىلگىرىكى نامى سىنگال تىلىدا "كران دەرياسىدىكى كېچىك" دىگەن مەنىدىكى korumbu دىگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

مالايشىيانىڭ پايتەختى كۇئالا-لۇمپۇر سۇېتتېنخام دەر-ياسىنىڭ ئېغىزىغا جايلاشقان. 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، بۇ يەردە قەلەي كېنى ئېچىلغان. كاندىن ئېقىپ چىققان لاتقىلار دەريا قىنىغا توپلىنىپ، بۇ يەرنى پاتقاق قىلىۋەت-كەن. بۇ پاتقاقلىق مالاي تىلىدا "پاتقاق دەريا ئېغىزى" دىگەن مەنىدە "گۇئالا-لومپۇر" دەپ ئاتالغان. نورۋېگىيىنىڭ پايتەختى ئوسلو ھىندى-ياۋروپا تىلى سىستېمىسىدىكى

os + lo يەنى "دەرياغا چېقىدىغان ئېغىز" دىگەن سوزدىن تۈزۈلگەن بولسا كېرەك. شىمالىي ياۋروپادىكى داڭلىق شەھەر بولغان دانىيىنىڭ پايتەختى كوپېنھاگېن دانىيە تىلىدا "سودىگەرلەر پورتى" دىگەن بولىدۇ. ئىسلاندىيىنىڭ پايتەختى رېيكياۋىك ئىسلاندىيە تىلىدا "تۈتەك پورت" دىگەن بولىدۇ، بىرىنچى تۈركۈم كوچمەنلەر ئۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندە، تۈتەكنى كورۈپ شۇنداق ئاتىغان. "تۈتەك" پونتان بۇلاقلاردىن چىققان هورلارنى كورسىتىشىمۇ، ۋولقان پارتلىغان چاغلاردىكى گۈزەل مەنزىرىنى كورسىتىشىمۇ مۇمكىن.

بىرنەچچە پايتەخت ناملىرى سازلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك. نېيروبى (كېنىيە) سۋاخىلى تىلىدا "سوغاق سازلىق" دىگەن بولىدۇ. بېلگىيىنىڭ پايتەختى بىريۇسسېل سازلىققا سېلىنغان شەھەر دىگەن بولىدۇ. ماۋرىتانىيىنىڭ پايتەختى نوۋاكشوتنىڭ "شوت" ئەرەپچىدە "شورسازلىق" دىگەن بولىدۇ.

ئارال، تاغ، دەريا تۇغانلىرى، ئورمانلىق، شەھەر قورغانلىرىمۇ تولا چاغلاردا پايتەخت ناملىرىنىڭ بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك مەنبەسى بولۇپ قالغان.

قەدىمقى ئەرەپ پېشۋالىرى شىمالىي ئافرىقىدىكى جايلارغا يۈرۈش قىلغانىدا، دېڭىزدىكى نۇرغۇن ئاراللارنى كورۈپلا، بۇ ئاراللارنى ئالجىر (al - jezair) دەپ ئاتىغان، بۇ سوز ئەرەپچىدە "ئارال" دىگەن بولىدۇ، ئەسلىدە بۇ شەھەر 4 ئارالدا سېلىنىشقا باشلىغان بولۇپ، 1525 - يىلى قۇرۇقلۇق بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان. بۇ شەھەر ئالجىرىيىنىڭ پايتەختى.

هىندىستاننىڭ پايتەختى يېڭى دېھلىدىكى "دېھلى" دىگەن سوز قەدىمقى هىندى تىلىدا dilli — "ئېگىزلىك"،



www.uyghurkitap.com

"دوك" دىگەن بولىدىكەن. هوندۇراسنىڭ پايتەختى تېگۇسىگالپا هىندىيان تىلىدا "كۈمۈش تاغ" دىگەن بولىدۇ. سىككىمنىڭ پايتەختى گاڭتوك بۇ مەملىكەتنىڭ جەنۇبىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 1650 كىلومېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغ بېلىگە جايلاشقان، گاڭتوك — "تاغ دۈمبىسىنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرى" دىگەن بولىدۇ. نىگېرىيىنىڭ پايتەختى لوگوس ئافرىقىدىكى ئۆگۈن دەرياسى ئېغىزىدىكى 6 كىچىك ئارالغا جايلاشقان. 15 - ئەسىردە پورتۇگاللار بۇ يەرگە كەلگەندە، شۇ ئەتراپتىكى سۈيى تېيىز تاشقاق كولنى كورگەن. لوگوس پورتۇگالىيە تىلىدا "تاشقاق كول" دىگەن بولىدۇ. گوللاندىيىنىڭ پايتەختى ئامستېردام ئامستېر دەرياسىدىكى توغان دىگەن مەزمۇننى بىلدۈرىدۇ. شىۋېتسىيىنىڭ پايتەختى ستوكھولم شەھىرىدە چوڭ - كىچىك 14 ئارال بولۇپ، پورت قولتۇقلىرى كىرىشىپ كەتكەن، ئۇنىڭ نامى "پورت قولتۇغى" (stäk) ۋە "ئارال" (holm) دىگەن سوزدىن تەركىب تاپقان.

بەزى پايتەخت ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى بىر قەدەر ئوبرازلىق ۋە قىزىقارلىق. يەمەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى ئادىننىڭ نامى ئەرەپچىدىكى "ئىگەر" دىگەن توپ سوزدىن كېلىپ چىققان، چۈنكى ئادىن ئىككى يانار تاغدىن تەشكىل تاپقان ئىگەرگە ئوخشايدىغان يېرىم ئارالدىن تەركىب تاپقان. ترىپولى لىۋىيىنىڭ پايتەختى، گرېكچىدا "ئۈچ شەھەر" دىگەن مەنىدە tripolis دىيىلىدۇ، ئۇ ئەسلىدە قەدىمقى شەھەر ئوسا، سابىرىچ، لېپىتىستىن تەركىب تاپقان. خارتۇم سۇدانىنىڭ پايتەختى، ئۇ، قارا نىل دەرياسى بىلەن ئاق نىل دەرياسى قوشۇلغان جايدىكى تار قۇرۇقلۇققا جايلاشقانلىغى ئۈچۈن، ئوبرازلىق قىلىپ "پىل

بۇرۇنى" (ئەرەپچىدە all - khartum) دەپ ئاتالغان.

بۇنىڭدىن باشقا، يەر شارائىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان پايتەخت ناملىرى ناھايىتى كۆپ، مەسىلەن، ياپونىيىنىڭ پايتەختى توكيو (دۇڭجىڭ) نىڭ كونا نامى جىياڭخۇ بولۇپ، 1868 - يىلى ھازىرقى نامغا ئۆزگەرتىلگەن، ئۇ شىجىڭ (كيوتو)غا نىسبىي ھالدا قويۇلغان. ۋېنگرىيىنىڭ پايتەختى بۇداپېشت بۇدا ۋە پېشتتىن ئىبارەت ئىككى خوشنا شەھەردىن تەركىب تاپقان. بۇدا — "كەپە"، پېشت — "ئۇۋكۇر"، "ئوچاق" دىگەن بولىدۇ. سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ پايتەختى رىياد — Raudha نىڭ كۆپلۈكى بولۇپ، "كەڭ جىلغا" دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ۋيېتنامنىڭ پايتەختى خېنېينى خۇڭخې دەرياسى ئايلىنىپ ئۆتكەن ۋە ئۇ چوڭ توغان ئىچىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاشۇ نام بېرىلگەن. قاتارنىڭ پايتەختى دوخا ئەرەپچىدە "دېڭىز قولتۇقى" دىگەن بولىدۇ.

3

بىرەر پايتەختنىڭ قۇرۇلۇشى تولا چاغلاردا مەلۇم تارىخىي ۋەقەلەر بىلەن باغلانغان بولىدۇ.

پىل چىشى قىرغىقىنىڭ پايتەختى ئابىجان — ئېبورنىي تىلىدىكى "ئابى" ۋە "جان" دىگەن ئىككى سۆزدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، "قىرقىلغان يوپۇرماق" دىگەن بولىدۇ. بىر چاغلاردا بولۇپ ئۆتكەن ئىككى قەبىلە ئۇرۇشىدا، ئىككى تەرەپ قىرغىنچىلىقنى توختىتىپ ئەپلىشىش قارارىغا كەلگەن. ئۇلار يوپۇرماقنى قىرقىپ ئاستىغا سېلىپ، خاتىرجەم ئۇخلىغان. بۇ ۋەقەنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، بۇ يەرگە ئىككى تەرەپ ياراشقان جاي دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان "ئابىجان" دىگەن



نامى قويۇلغان.

دومىنىكا جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى نامىنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ، شۇ مەملىكەتتىكى مەلۇم تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. 1492 - يىلى كولومبو دومىنىكىغا كەلگەندىن كېيىن، بۇ مەملىكەت ئىسپانىيىنىڭ مۇستەملىكىسى قىلىۋېلىنغان. 4 يىلدىن كېيىنكى بىر يەكشەنبە كۈنىدە، كولومبونىڭ ئىنىسى بارسېلومىيۇ كولومبو سانتو - دومىنگو شەھىرىنى قۇرغان. بۇ سۆز ئىسپانچىدا "مۇقەددەس يەكشەنبە" دىگەن بولىدۇ. ئەمما 1930 - يىلدىن باشلاپ، ئامېرىكا يۆلىگەن تروجىللو ئائىلىسى دومىنىكىدا مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقنى يولغا قويغان. 1936 - يىلى سانتو - دومىنگو تروجىللو شەھىرىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1961 - يىلى مۇستەبىت تروجىللو ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، بۇرۇنقى نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

بىرمانىڭ پايتەختى رانگون بىرما تىلىدا Ran — "دۈشمەن"، goon — "تۈگىدى" دىگەن بولىدۇ، ئۇ "دۈشمەن يوقىتىلدى" ياكى "ئۇرۇش ئاخىرلاشتى" دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. 1755 - يىلى يۈك جىيا تالائىڭ مىللىتىنى (مونلارنى) مەغلۇپ قىلىپ، مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۇرۇشنى ئاياقلاشتۇرغاندىن كېيىن، مۇشۇ نام قويۇلغان.

بولىۋىيىنىڭ پايتەختى لا - پاس (La - Paz) ئىسپانچىدا "تىنچلىق" دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ نامنى 1548 - يىلى ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرى قويغان. شۇ چاغدا ئولجا تالاشقۇچى ئىككى مۇستەملىكىچى قوشۇن ئۇرۇشنى توختىتىپ، تىنچلىق ئورناتقان ئىكەن.

مىسىرنىڭ پايتەختى قاھىرە ئەرەپچىدە "غالىپ مارس (غازات مۇئەككىلى) دىگەن مەنىدە misr - al - kahira

دەپ ئاتىلىدۇ، قاھىرە (Cairo) Kahira نىڭ ئىنگىلىزچە ئاھاڭى. بۇ شەھەر، ئەرەپلەر مىسىرنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىنلا قۇرۇلۇشقا باشلىغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قۇرۇلۇش باشلانغان كېچىسى ئاسماندا نۇرلۇق مارس يۇلتۇزى كۆرۈنگەن، مارس — رىۋايەتلەردىكى غازات مۇئەككىلى ئىكەن.

"زەپەر" نامى بىلەن ئاتالغان پايتەختلەردىن يەنە ھىندونېزىيىنىڭ پايتەختى جاكارتا بار، ئۇ سانسكرىت تىلىدا "غەلىبە ماكانى" دېگەن بولىدۇ، مىلادى 1527 - يىلى بانتېن ئىسلام دۆلىتى بۇ يەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا مۇشۇ نام قويۇلغان، بىراخما تىلىدىكى jaya - kerta نىڭ "زەپەر" ۋە "شەرەپ" دېگەن مەنىسى بار.

ئۇرۇگۋاينىڭ پايتەختى مونتېۋىدېو دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ناھايىتى قىزىق. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، 1520 - يىلى ماگېللان دېڭىز ساياھىتى قىلىپ بۇ يەرگە كەلگەندە بىر تاغ كۆرۈنگەن، ماتروسلاردىن بىرى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي: "مەن بىر تاغنى كۆردۈم!" (Monte vidieo) دەپ توۋلىۋەتكەن، مونتېۋىدېو دېگەن نام ئەنە شۇنىڭدىن كەلگەن.

ئايرىم پايتەختلەرگە چېسلا نامى قويۇلغان. پاراگۋاي جۇمھۇرىيىتىدىكى ئاسونسون — مەريەم ئانا ئەرشكە چىققان مەرىكە (8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى)نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. برازىلىيىنىڭ بۇرۇنقى پايتەختى رىو - دې - ژانېيرو پورتۇگالىيە تىلىدا "يانۋار دەرياسى" دېگەن بولىدۇ.

4

يەنە بىر مۇنچە پايتەختلەرنىڭ نامىدا قەبىلە ياكى مىللەت نامىنىڭ ئىزلىرى قالغان.



ۋېنېسۇئېلادىكى كاراكاس 1567 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، قەھرىمان، ھەربىي ئىشلارنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان ھىندىئان قەبىلىسى كاراكاسلارنىڭ نامى قويۇلغان. ئېكۋادوردىكى كىتوغىمۇ يەرلىك قەبىلىنىڭ نامى بېرىلگەن. گانانىڭ پايتەختى ئاككرا — بۇرۇنقى چاغلاردا ئىچكى جايلاردىكى ئورمانلىقتا ياشىغان قەبىلىلەر ئاككرا ئاھالىسىنى "قارا چۈمۈلە" دېگەن مەنىدە (ئاكان Akan ياكى ukran) دەپ ئاتىغانلىقتىن كەلگەن دېگەن گەپلەر بار. ئوتتۇرا ئافرىقا جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى بانگىنىڭ نامى سودىگەرچىلىككە ماھىر قەبىلە بۇ بانگىلارنىڭ نامىدىن كەلگەن. بۇلاردىن باشقا يەنە بېلموپان (بېلىز)، لومې (دوگو)، تىرانا (ئالبانىيە)، ھاۋانا (كۇبا)، ماناگۇئا (نىكاراگۇئا)، ئوتتاۋا (كانادا) قاتارلىق پايتەختلەرنى مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن، بۇلارنىڭ ھەممىسى قەبىلە ياكى مىللەتنىڭ نامى.

ئافرىقىدىكى نېگىرلارنىڭ تەقدىرى بىلەن باغلانغان پايتەخت نامىدىن ئىككىسى بار. ئامېرىكىدىكى مۇستەقىللىق ئۇرۇشى ئاياقلاشقاندىن كېيىن، ئەنگلىيە ۋەزىيەت تەقەززاسى بىلەن بىر تۈركۈم نېگىر قۇللارنى ئامېرىكىدىن كانادادىكى يېڭى سكوتىيە يېرىم ئارىلىغا ئېلىپ بارغان. ئەمما قەھرىتان ھاۋارايى نېگىر قۇللار ئۈچۈن تولىمۇ پايدىسىز بولغانلىقتىن، ئەنگلىيە ھايات قالغان قۇللارنى غەربىي ئافرىقىدىكى سېئېررا - لېئونغا ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولغان. ئەنگلىيە ئۆزىنى كۆر - سىتىش ئۈچۈن، 1787 - يىلى نېگىر قۇللار ئورۇنلاشتۇرۇلغان بۇ شەھەرگە ئىنگلىزچىدا "ئەركىن شەھەر" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان "فرېتوۋن" (Freetown) دېگەن نامنى قويۇپ

قويغان. ئەنگلىيىنىڭمۇ جورىسى چىقىپ قالغان، شۇنىڭدىن كېيىن ئەسىر يېرىم ئۇنىڭ ئىزىدىن ماڭغان، فرانسىيىمۇ 1849 - يىلى، سېتىش ئۈچۈن ئېلىپ كېتىلىۋاتقان كونگولۇق نېگىر قۇللارنىڭ ئالدىنى توساپ ئۇلجا ئېلىپ، ھازىرقى گابون- كويىن دەرياسى ئېغىزىغا ئېلىپ بېرىپ ئورۇنلاشتۇرغان ھەمدە يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاشلا، فرانسۇزچىدىمۇ "ئەركىن شەھەر" دىگەن مەنىدىكى لىبرېۋىل (Libreville) دىگەن نامنى قويۇپ قويغان.

5

بەزى مەملىكەتلەرنىڭ پايتەختلىرىنىڭ نامى دىن ۋە ئەپسانىلەردىن كەلگەن.

دېموكراتىك كامبودژىنىڭ پايتەختى پنوم — پېن، پنوم "تاغ" نىڭ، پېن ئادەمنىڭ نامى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، پېن پەمىلىلىك بىر موماي ئۇلۇغ سۇ ئىچىدىن بۇددا نومىنى ۋە بۇتنى سۈزۈۋېلىپ، ئۇنىڭغا چوقۇنۇش ئۈچۈن بۇتخانا سالدۇرغانمىش. 1372 - يىلى بۇ بۇتخانا پۈتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا "پنومنىڭ شەرقىدىكى پېن" بۇتخانىسى دەپ نام قويغانمىش. شەھەر ئەنە شۇ بۇتخانا ئەتراپىغا سېلىنغان، 1434 - يىلى كامبودژا پايتەختىنى ئەنە شۇ يەرگە كۆچۈرۈپ كەلگەن.

پاكىستاننىڭ پايتەختى ئىسلامئاباد تىپىك مىسال بولىدۇ. بۇ مەملىكەتنىڭ بۇرۇنقى پايتەختى كاراچى ئىدى. 1961- يىلى يېڭى پايتەخت قۇرۇلۇشى رەسمى باشلاندى. ئىسلامئابات Islam بىلەن abad دىگەن سۆزدىن تەركىب تاپقان



بولۇپ، پارىسچىدا ئىسلام شەھىرى دىگەن بولىدۇ.

بىرنەچچە پايتەختكە توغرىدىن - توغرا ئىلاھلارنىڭ نامى قويۇلغان. تۇنىسنىڭ شۇ ناملىق پايتەختىنىڭ نامى پېنىكلار قويۇپ قويغان ۋە ھازىرغىچە ئېقىپ يۈرگەن بىردىن- بىر مۇھىم يەر نامى. بۇ شەھەر ئىلگىرى Tuneta دەپ ئاتالغان، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ نام كارفاگېنلار چوقۇنىدىغان پەرىزات Tanith نىڭ نامىدىن كەلگەن. ئىودانىيىنىڭ پايتەختى گۇمان قەدىمقى مىسىردىكى قۇياش ئىلاھى ئاموننىڭ نامىدىن كەلگەن.

ئافېنا ئەسلىدە قەدىمقى يۇناننىڭ مەشھۇر قۇللۇق تۈزۈمىدىكى شەھەر ئىدى. ھازىرمۇ گرېتسىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى. يۇنان ئەپسانىلىرىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ نامى ئەقىل ئىلاھىسى ئاتىنانىڭ نامىدىن قالغانمىش. بېنگال دۆلىتىنىڭ پايتەختى داككا قەدىمى شەھەر، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ شەھەر مىلادى 7 - ئەسىردىلا بار ئىكەن. ئۇنىڭ نامى ھىندى دىنىدىكى ئىلاھلاردىن بىرى بولغان سىۋانىڭ خوتۇنى، تۇغۇتنى باشقۇرىدىغان ئايال ئىلاھ Durga نىڭ نامىدىن كەلگەن.

ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرى لاتىن ئامېرىكىسىدا تەلۋىلەرچە قوراللىق بۇلاڭچىلىق قىلغاندا، ئۇزلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق جىنايىتىنى يېپىش ئۈچۈن، دىننى ئالدامچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇلار 1524 - يىلى نىجاتچى خۇدا سان - سالۋادورنىڭ نامىنى سالۋادورغا ۋە ئۇنىڭ پايتەختىگە قويۇپ قويغان. 1541 - يىلى ئىسپانىيىنىڭ مۇستەملىكىچى ئارمىيىسى چىلىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، سانياگو رايونىنى بېسىۋالغان. تاجاۋۇزچىلار چىلىنىڭ پايتەختىنى

رىۋايەتلەردىكى ھامى ئىلاھ، قەدىمقى زاماندا ئىسپانىيەدىن تارقاتقان سانتىياگونىڭ نامى بىلەن ئاتىغان.

## 6

ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك ناملىرىمۇ يەر ناملىرىنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالغانلىقى كىشىنىڭ خىيالىغا كەلمەس. ئۇنىڭ بەزىلىرى شۇ جايلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك تۈركۈملىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بەزىلىرى رىۋايەت ياكى يەرلىك قەدىمىي خەلقلەرنىڭ تونۇشى چوقۇنغانلىقىنىڭ ئىزلىرى، خالاس.

پاناما شەھىرىنىڭ سۆز يىلتىزى توغرىسىدا ھەرخىل گەپلەر بار، ئۇ ھىندىيان تىلىدا "كېپىنەك" دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە كېرەك، چۈنكى، ئىلگىرى گاتۇن كۆلى بويىدا تۈركۈم - تۈركۈم رەڭدار كېپىنەكلەر ئۇچۇپ يۈرگەن ئىكەن دېگۈچىلەرمۇ بار، ئۇ "بېلىق تۈركۈملىرى" دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە كېرەك. 16 - ئەسىردە ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرى بۇ يەردە نۇرغۇن بېلىقچىلار ئۆيلىرىنىڭ بارلىقىنى، ھەممە ئائىلىلەر بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى بىلىپ مۇشۇ نامنى قويۇپ قويغان ئىكەنمىش دېگۈچىلەرمۇ بار.

شۋېتسارىيەدىكى بېرن — "ئېيىق" دېگەن بولىدۇ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قايسى بىر گراف بىر شەھەر سالدۇرۇپ، ئۇنىڭغا نېمە دەپ نام قويۇشنى بىلەلمەپتۇ، بىر كۈنى شەھەرگە ئوۋغا چىققاندا، ئۇنىڭ ئالدىغا بىر ئېيىق ئۇچراپتۇ، ئۇ بۇ شەھەرگە "ئېيىق شەھىرى" دېگەن نامنى قويۇپتۇ.

سىنگاپور سانسكرىت تىلىدا singa بىلەن pura دېگەن



سۆزدىن تەركىب تاپقان، ئۇ مالاي تىلىدا "شىر شەھىرى" دېگەن بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، 7 - ئەسىردە سىرىۋىجايا شاھزادىسى دېڭىزدىن ئۆتۈپ بۇ يەرگە كەلگەندە، شىرغا ئوخشايدىغان بىر ھايۋاننى كۆرۈپ، بۇ يەرنى "شىر شەھىرى" دەپ ئاتىغانىمىش.

ئەبۇ دەبى — ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكگە ئەزا يەتتە خەلىپىلىكنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكنىڭ پايتەختى. ئەبۇ دەبى ئەرەبچىدە "بۇكەنلەر ئاتىسى" دېگەن بولىدۇ. بۇ يەر ئەسلىدە بۇكەنلەر ماكانى ئىدى دېگەن گەپلەر بار. ئۇگاندانىڭ پايتەختى كامپالامۇ بانتۇ تىلىدا "بۇكەن" دېگەن بولىدۇ. بۇ يەر ئەسلىدە بۇگاندالارنىڭ پادىشاسى قوي باققان يەر ئىمىش.

سېنېگالنىڭ پايتەختى داكار توغرىسىدا ھەرخىل گەپلەر بار، ئومۇمەن، بۇ گەپ شۇ يەردە ئۆسىدىغان ئىگىز غوللۇق، سۇلۇق، تاتلىق، ئادەتتە مايمۇن بولكىسى دەرىخى (Adansonia digitata) دەپ ئاتىلىدىغان مۇشۇلىك دەرەخ — پوباپقا قارىتىپ ئېيتىلغان دەپ ھېساپلانماقتا، پوباپ يەرلىك تىلدا "داكار" دېيىلىدۇ.

ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان پايتەخت ناملىرىدىن يەنە باماكو (مالى)، مانىلا (فىلىپپىن)، ئەددىس - ئەبەبە (ئېفىئوپىيە) قاتارلىقلار بار. باما (bama) "تىمساق"، كو (ko) "دەريا"، بۇ ئىككى سۆز قوشۇلۇپ "تىمساق دەرياسى" دېگەن بولىدۇ. مانىلا — "بۇ يەردىن قارا كۆك بوياق چىقىدۇ" دېگەن مەزمۇننى بىلدۈرىدۇ. ئەددىس - ئەبەبە ئامخاراچىدا "يېڭى ئېچىلغان گۈل" دېگەن بولىدۇ.



www.uyghurkitap.com

## 7

يۇقۇرىدىكى بىرنەچچە خىل ئەھۋالدىن باشقا، بىرخىل تىلەك ۋە ئارزۇنى بىلدۈرىدىغان ئۆزىگە خاس مەزمۇنغا ئىگە پايتەخت ناملىرىمۇ بار.

مەسىلەن، رۇمىنىيىنىڭ پايتەختى بۇخارىستىنىڭ ئەسلى مەنىسى توغرىسىدا "گۈزەل" ياكى "خوشاللىق" دىگەن بولىدۇ دىگەن گەپلەر بار. تانزانىيىنىڭ پايتەختى دارىسسالام ئەرەپچىدە "تېچ پورت" دىگەن بولىدۇ. غەربىي گېرمانىيىنىڭ پايتەختى بونن كېلتا تىلىدا "ياخشى" دىگەن مەنىدە بولسا كېرەك. ئارگېنتىنانىڭ پايتەختى بۇئېنوس - ئايرېسنى 1535-يىلى ئىسپانىيىلىك ماتروسلار قۇرغان بولۇپ، تولۇق نامى "ئۈچلىك بىر گەۋدە بولغان ئەڭ مۇقەددەس شەھەر ۋە سالقىن شامالنى ئاتا قىلغان مۇقەددەس مەريەم ئانا پورتى" دىگەن بولىدۇ. بۇ نامنىڭ كېيىنكى يېرىمى ماتروسلارنىڭ نىجاتلىق شامىلىغا بولغان ياخشى تىلەكلىرىدىن كېلىپ چىققان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئارزۇ - تىلەكلەر جۇملىسىگە كىرىدۇ.

## 8

دۇنيادا پايتەختلەرنىڭ تەخمىنەن ئوندىن بىرىنىڭ نامى دولەت نامىغا ئوخشايدۇ. پايتەخت نامى دولەت نامىدىن كەلگەنمۇ ياكى دولەت نامى پايتەخت نامىدىن كەلگەنمۇ؟ بۇلار ئىچىدە بەزىلىرى ئېنىق كورۇنۇپ تۇرۇپتۇ. مەسىلەن، برازىلىيىنىڭ پايتەختى برازىلىيە دولەت نامىدىن كەلگەن،



ئەمما سىنگاپور جۇمھۇرىيىتىگە سىنگاپورنىڭ نامى قويۇلغان. لېكىن، بەزى دولەتلەر، بولۇپمۇ كىچىك دولەتلەر توغرىسىدا دەرھال بىرنىمە دىيىش تەس.

برازىلىيىنىڭ بۇرۇنقى پايتەختى رىو - دې - ژانېيرو ئىدى. برازىلىيە ھوكۇمىتى 1956 - يىلى شەرقىي ئىگىزلىكتە يېڭى پايتەخت قۇرۇشنى قارار قىلدى، 4 يىلدىن كېيىن يېڭى پايتەختكە رەسمى كوچۇپ كېلىپ، ئۇنىڭغا برازىلىيە دەپ نام قويدى.

لىيۇكسېمبۇرگ مىلادى 963 - يىلدىن ئىلگىرى Lucilinburhuc دەپ ئاتالغان، بۇ قەدىمقى ساكسون تىلىدا "كىچىك بازار" دىگەن بولىدۇ. لىيۇكسېمبۇرگ كىنەزلىگى لىيۇكسېمبۇرگ شەھىرى ئاساسىدا تەرەققى قىلغان.

جىببۇتىنىڭ شۇ ناملىق پايتەختى يەرلىك تىلدا "ئاتەشتەك ئىسسىق دېڭىز ساھىلى دولىتى" دىگەن بولىدۇ. بۇ يەرنىڭ ھاۋارايى ناھايىتى ئىسسىق. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 30 گرادۇسقا يېتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# يەر شارىدىكى سۇ ئىشلىتىشكە يېتەمدۇ؟

چىنىنى قولىڭىزغا ئېلىپ چاي ئىچكەندە، سۇنىڭ پۈتۈن دۇنيا كۆز تىكىپ تۇرغان زور خەلقارا مەسىلە بولۇپ قالغانلىقىنى ئېسىڭىزگە چۈشىسە كېرەك. مۇشۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئىنسانلارنىڭ ياشاش شارائىتى، دۇنيادىكى ئوكيانلار، سۇچىلىق، ئاھالە، ئاشلىق، ئۆي - جاي شارائىتى قاتارلىقلار ئۈستىدە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئارقا-ئارقىدىن ئېچىۋاتقان دۇنياۋى مەخسۇس يىغىنلارنىڭ ھەممىسىدە، "سۇنىڭ تەھدىتىگە قانداق تاقابىل تۇرۇش"تىن ئىبارەت زور مەسىلە گەۋدىلىك ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا. شۇڭا، سۇنى خۇدا بەرگەن پۈتمەس - تۈگىمەس نەرسە دەپ قارىماسلىق كېرەك، ئەمەلىيەتتە، دۇنيادىكى سۇ قەھەتچىلىكى ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا ئۈزلۈكسىز ئېغىر دەرىجىدە تەھدىت سالماقتا. بەزى مەملىكەتلەردە، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى سۇ بايلىقى تەكشى تەقسىم قىلىنمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى كەسكىنلىشىپ كەتمەكتە. سۇ مەنبەسى مەسىلىسىگە پۈتۈن دۇنيا كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ ھەمدە سۇ مەنبەلىرىنى ئېچىشنىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدا ھەر خىل پەرەز قىلىنىشىۋاتىدۇ.



# ئىنسانلارنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجى كۈندىن-كۈنگە ئاشماقتا

ئىنسانلارنىڭ سۇ سەرپىياتىنى تەخمىنەن سانائەتكە كېرەكلىك سۇ، يېزا ئىگىلىكىگە كېرەكلىك سۇ ۋە تۇرمۇشقا كېرەكلىك سۇدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈش مۇمكىن. دۇنيادا سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى تەرەققىياتقا ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئىنسانلارنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجى بارغانسېرى ئاشماقتا. تۆۋەندىكى سانلاردىن ھازىرقى زامان دۇنياسىدا سۇغا بولغان ئېھتىياجنى تەسەۋۋۇر قىلىشىمىز تەس ئەمەس: سانائەتتە، بىر توننا پولات ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن 100 توننا سۇ كېرەك بولىدۇ؛ بىر توننا قەغەز ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن 250 توننا سۇ كېرەك بولىدۇ؛ بىر توننا سۈنئىي يىپەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن 800 توننا سۇ كېرەك بولىدۇ؛ يېزا ئىگىلىكىدە، بىر گېكتار كېۋەزنى سۇغىرىش ئۈچۈن 5 مىڭ توننىدىن 6 مىڭ توننىغىچە سۇ كېرەك بولىدۇ؛ بىر مىليون ئاھالىسى بار زامانىۋى شەھەرنىڭ ئېھتىياجىغا كاپالەت بېرىش ئۈچۈن، ھەر كۈنى 500 مىڭ توننا ئەتراپىدا سۇ كېتىدۇ. 20 - ئەسىردىن بۇيان، سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان سۇنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتى كىشىنى ئىنتايىن چۆچۈتىدۇ، سانائەت تەرەققىي قىلغان بەزى مەملىكەتلەردە، سانائەتكە ئىشلىتىلىۋاتقان سۇ مىقدارىنىڭ ئومۇمىي سۇ مىقدارىدا تۇتقان نىسبىتى ناھايىتى زور بولماقتا، مەسىلەن، شەرقىي گېرمانىيەدە 84 پىرسەنت، ئەنگلىيەدە 76 پىر -

سەنت، ئامېرىكىدا 46.8 پىرسەنتكە يېتىدۇ.

سانائەتتە ئىشلىتىلىۋاتقان سۇ مىقدارى كۈندىن-كۈنگە ئېشىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ سۇنىڭ كۆپ قىسمىنى قايتا ئىشلەتكىلى بولىدۇ، دۇنيادىكى ئومۇمى سۇ سەرپىياتىدىن ئېيتقاندا، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان سۇ يەنىلا مۇھىم، ئۇنىڭ قايتا پايدىلىنىدىغان قىسمى ئاز، بۇ سۇنىڭ 70 پىرسەنتتىن 80 پىرسەنتكىچە بولغان قىسمى پارغا ئايلىنىش ۋە زىرائەتلەر ئارقىلىق كۆتۈرۈلۈپ كېتىش ئارقىسىدا سەرپ بولۇپ كېتىدۇ. يېزا ئىگىلىكىگە كېتىدىغان سۇ ئىچىدە، سۇغىرىشقا كېتىۋاتقان سۇ ھەممىدىن كۆپ. سۇغىرىش ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىدىن دۇنيادا ئىشلىتىلىدىغان سۇ مىقدارىنىڭ جىددى كۆپىيىپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن: 19-ئەسىرنىڭ بېشىدا، دۇنيا بويىچە سۇغىرىلىدىغان يەر كۆلىمى 8 مىليون گېكتارغا يەتمەيتتى، 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە 40 مىليون گېكتارغا، 20-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە 100 مىليون گېكتارغا يەتتى. 20-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىغا كەلگەندە، 200 مىليون گېكتاردىن ئېشىپ كەتتى، يەنى، يېقىنقى بىر ئەسىر ئىچىدە، دۇنيادىكى سۇغىرىلىدىغان يەر كۆلىمى 5 ھەسسىگە يېقىن كۆپەيدى. بەزىلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە، سۇغىرىشقا كېتىدىغان سۇ ئىشلىتىلىدىغان ئومۇمى سۇ مىقدارىنىڭ 70 پىرسەنتچىسىنى ئىگەللەيدىكەن، سۇغىرىش جەريانىدا سەرپ بولۇپ كېتىدىغان سۇ مىقدارى بولسا، پۈتۈن يەر شارىدا سەرپ قىلىنىدىغان سۇنىڭ 90 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدىكەن، دېمەك، سۇغىرىشقا كېتىدىغان سۇ دۇنيادا سۇغا بولغان تەلەپنى قاندۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ



تەسىر كۆرسىتىدۇ. سۇغىرىلىدىغان يەر كۆلىمى تېز كېڭىيىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما دۇنيادا سۇغىرىلىدىغان ئومۇمى يەر كۆلىمى ئومۇمى تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ ئاران 16 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. دۇنيادىكى قۇرغاق، يېرىم قۇرغاق رايونلاردا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، سۇغىرىلىدىغان يەر كۆلىمىنى جىددى كېڭەيتىشكە توغرا كېلىدۇ، بۇنىڭغا ھازىرقى ھەر يىلى 2.4 پىرسەنت سۈرئەت بىلەن كېڭەيتىش قوشۇلسا، يالغۇز سۇغىرىشقا كېتىدىغان سۇ جەھەتتىلا، نۇرغۇن رايونلاردا سۇ مەنبەسىنىڭ يېتىشمەيۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت تەھدىتكە ئەستايىدىل تاقابىل تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەمدى، شەھەرلەردە ئىشلىتىلىۋاتقان سۇغا كېلەيلى، ياپونىيىنىڭ توكيو رايونىدا سۇغا بولغان تەلەپ جەھەتتىكى يۈزلىنىش — شەھەرلەردە ئىشلىتىلىدىغان سۇنىڭ جىددى كۆپىيىۋاتقانلىقىنىڭ گەۋدىلىك مىسالى. توكيودا 1955-يىلى سۇ يوللىرى ئارقىلىق يەتكۈزۈپ بېرىلگەن سۇ مىقدارى 1 مىليارت كۇپ مېتىر ئىدى، كېيىن ھەر يىلى 8 پىرسەنتتىن 10 پىرسەنتكىچە ئېشىپ، 1968-يىلى 3 مىليارت كۇپ مېتىرغا يېتەي دەپ قالغان، ياپونىيىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ شەھەردىكى ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىۋاتقان ۋە جەمئىيەتتە ئىستېمال قىلىنىۋاتقان سۇ توغرىسىدىكى ماتېرىياللىرىدا مۆلچەرلىشىگە قارىغاندا، 1985-يىلغا يەتكەندە توكيودا سۇ يوللىرى ئارقىلىق تەمىنلەش مىقدارى 10 مىليارت كۇپ مېتىرغا يېتىشى، يەنى 30 يىل ئىچىدە، شەھەرلەردە ئىشلىتىلىدىغان سۇ مىقدارى 10 ھەسسىدىن كۆپرەك ئېشىشى مۇمكىن.

بۇنىڭدىن دۇنيادىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ئەگىشىپ، ئىنسانلارنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## يەر ئاستى سۇلىرى بىلەن دەريا سۇلىرىنى ئېچىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ

ئىنسانلارنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجى ئەنە شۇنداق زور دەرىجىدە بولۇۋاتقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ئىكەن، ئۇنداقتا، تەبىئىي هالدا دۇنيادا پايدىلىنىشقا بولىدىغان سۇ مەنبەسى زادى قانچىلىك؟ دىگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. دۇنيادىكى گىدرولوگلار سۇ تەركىۋىنىڭ ئايلىنىشى ۋە سۇ مىقدارىنىڭ تەڭپۇڭلىشىش قائىدىسىگە ئاساسەن، يەر شارىدىكى هەر خىل سۇ ئۈستىدە پەرەز قىلىشماقتا. سۇ مەنبەسىنى بوشلۇقنىڭ خىلمۇ-خىللىقى بويىچە، بوشلۇقتىكى سۇ، يەر يۈزىدىكى سۇ ۋە يەر ئاستى سۈيىدىن ئىبارەت 3 قىسىمغا بۆلۈش مۇمكىن. بوشلۇقتىكى سۇ دىگىنىمىز، سۇ پارلىرى شەكلىدە ئاتموسفېرادا تۇرغان سۇ تەركىۋىنى كۆرسىتىدۇ. يەر ئاستى سۈيى يەنە تۆۋەندىكى 3 قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: يەر ئاستى سۇ ئورنىدىن يۇقۇرقى توپا قاتلىمىدىكى سۇ تەركىۋى تۇپراق سۈيى دەپ ئاتىلىدۇ؛ يەر ئاستى سۇ ئورنىدىن تۆۋەنكى ئارىلىق قاتلامنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان يەر قاتلىمىدىكى سۇ تەركىۋى تېيىز قاتلامدىكى يەر ئاستى سۈيى دەپ ئاتىلىدۇ؛ ئارىلىق قاتلامنىڭ ئاستىغا توپلانغان سۇ چوڭقۇر قاتلام ئاستىدىكى سۇ دەپ ئاتىلىدۇ. دۇنيادىكى سۇ مەنبەلىرى ئىچىدە يەر يۈزىدىكى سۇ ھەممىدىن كۆپ، ئۇ ئوكيان سۈيى ۋە قۇرۇقلۇق-



تىكى سۇدىن ئىبارەت 2 قىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قۇرۇقلۇقتىكى سۇ دىگىنىمىز دەريالار، كۆللەر ۋە مۇزلۇقلاردىكى سۇنى كۆرسىتىدۇ.

ئوكيان سۈيى دۇنيادىكى ئومۇمىي سۇ مىقدارىنىڭ 94 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئەمما ئۇ تۇزلۇق بولغانلىقتىن، ئىنسانلار ئۇنىڭدىن كۆپلەپ، توغرىدىن-توغرا پايدىلىنالمايدۇ. تاتلىق سۇ بايلىقى ئىچىدە، مۇزلۇق 85 پىرسەنت چامىسىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئۇنىڭ كۆپ قىسمى جەنۇبىي قۇتۇپ رايونىدا بولغانلىقتىن، ئۇنى ئېچىپ پايدىلىنىش ناھايىتى قىيىن، ھازىر ئۇنىڭ ئىستىمال قىممىتى يوق. شۇڭا، پايدىلىنىشقا بولىدىغان سۇ بايلىقى ئاران 4 مىليون 230 مىڭ كۇپ كىلومېتىر بولۇپ، ئۇ تېيىز قاتلامدىكى يەر ئاستى سۈيى، دەريا ئېقىنلىرى، تۇپراق سۈيى ۋە بىر قىسىم كۆل سۇلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پايدىلىنىشقا بولىدىغان بۇ 4 مىليون 230 مىڭ كۇپ كىلومېتىر تاتلىق سۇ ئىچىدە، تېيىز قاتلام ئاستىدا 4 مىليون كۇپ كىلومېتىر سۇ بار، بۇ سۇنى ئېچىش كۆلەمى جەھەتتە، دۇنيا مەملىكەتلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ پايدىلىنىشى تېخى خېلىلا چەكلىك بولۇۋاتىدۇ، ئاتموسفېرا سۈيى، تۇپراق سۈيى ۋە كۆل سۇلىرىدىن پايدىلىنىش جەھەتتىكى چەكلىمىلىكمۇ ناھايىتى زور، شۇڭا ئىنسانىيەتكە ھەقىقى ھەممىنەپەس بولىدىغىنى دەريا قىنلىرىغا توپلانغان 12 مىڭ كۇپ كىلومېتىر سۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، دەريا قىنلىرىغا توپلانغان سۇنى ئېچىش ئوڭاي، توغرىدىن-توغرا پايدىلىنىش مۇمكىن بولۇپلا قالماي، ئەڭ مۇھىمى بۇ سۇ ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تولۇقلىنىپ تۇرىدۇ. دەۋر قىلىشىنىڭ ناھايىتى تېز بولۇشى ئۇنىڭ سە-



www.uyghurkitap.com

غىمچانلىقىنى نەچچە ئون باراۋەر كېڭەيتىپ تۇرىدۇ، مولچەر-
لىنىشىچە، ھازىر دۇنيادىكى دەريالارنىڭ يىللىق ئومۇمى
ئېقىن مىقدارى 38 مىڭ كۇپ كىلومېتىرغا يېتىدىكەن. دې-
مەك، ئىنسانلار پايدىلىنىشقا بولىدىغان سۇ بايلىقى ئىچىدە
دەريا-ئۆستەڭ ئېقىنلىرى نازا ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە،
بۇ سانلار دەريا-ئۆستەڭلەردە ھەر يىلى تولۇقلىنىپ تۇرى-
دىغان زاپاس مىقدارنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، بىر مەملىكەتتە
دەريا-ئۆستەڭلەرنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارىنىڭ قانچىلىك
بولۇشى ئۇنىڭ سۇ بايلىقىنىڭ دەرىجىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ
بېرىدۇ. برازىلىيە دۇنيا بويىچە سۇ مەنبەسى ئەڭ مول
مەملىكەت بولۇپ، يىللىق ئېقىن مىقدارى 5 تىرلىيون 150
مىليارت كۇپمېتىر كېلىدۇ. دۇنيا قۇرۇقلۇقىدىكى يىللىق
ئېقىننىڭ ئومۇمى مىقدارى 38 مىڭ كۇپ كىلومېتىر بولۇپ،
ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا 11 مىڭ كۇپمېتىردىن
توغرا كېلىدۇ، بۇلار ئىچىدە لاتىن ئامېرىكىسىدا ھەممىدىن
كۆپ بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا 52 مىڭ
500 كۇپمېتىردىن توغرا كېلىدۇ، ياۋروپا، ئاسىيادا ئەڭ
ئاز بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا ئاران 4
مىڭ 200 كۇپمېتىردىن توغرا كېلىدۇ.

## "سۇ كرىزىسى" ۋە بۇلغىنىشتىن ساقلىنىش

يۇقۇرىدا، دۇنيادا سۇغا بولغان ئېھتىياجنىڭ بارغان-
سېرى ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقى، يەر شارىدا سۇ شۇنچە كۆپ
بولسىمۇ، ئەمما ھەقىقى پايدىلىنىشقا بولىدىغان سۇنىڭ
پۈتكۈل سۇ مىقدارىدا تۇتقان نىسبىتىنىڭ ناھايىتى ئاز-



لىقى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتتۇق، سۇ بايلىقى بىلەن تەمىنلەش
ۋە تەلەپ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت تۇغۇلغانلىقى، نۇرغۇن
جايلاردا سۇ يېتىشمەسلىك ھادىسىلىرىنىڭ يۈز بېرىۋاتقان-
لىقى، كىشىلەرنىڭ سۇ يېتىشمەمدۇ-يوقمۇ دىگەن ئەندىشىدە
بولۇۋاتقانلىقىنىڭ چۈشىنىشلىك ئىكەنلىكى ئۈستىدە توختى-
لىپ ئۆتتۇق.

ئەمما، بۇ زىددىيەتكە قانداق مۇئامىلە قىلىش ئۈستىدە
تامامەن ئوخشاش بولمىغان پوزىتسىيە بار. چەتئەللەردە بە-
زىلەر سۇ مەنبەسىنىڭ ئېھتىياجنى قاندۇرۇرالمايۋاتقانلى-
قىدىن قاتتىق ئۈمىتسىزلەنمەكتە، ئۇلار قانداقتۇ: "يەر شا-
رىدا ھەر يىلى 20 مىڭ كۇپمېتىر تاتلىق سۇ بولىدۇ، بۇ ھال
بىر ياشاۋاتقان يەر شارىدا ئەڭ كۆپ بولغاندا، 20 مىل-
يارت ئادەم بولسا بولىدۇ، ئەمما مىلادى 2100-يىلىدىن
بۇرۇن بۇ سان توشىدۇ......" دىيىشىپ، كىشىلەرنى ھالاكەت
گىرداۋىغا بېرىپ قالغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرمەكتە. ئۇلارنىڭ
سۇ بايلىقى بىلەن تەمىنلەش ۋە تەلەپ ئوتتۇرىسىدىكى
زىددىيەت ئالدىدا ئۈمىتسىزلەنگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ،
مەسىلەن، ئامېرىكىلىق بىر سۇ مۇتەخەسسىسى، ئامېرىكا
"سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش يولىدا 15 يىل كۈرەش قىل-
غان، 7 پارچە قانۇن چىقارغان، 3 مىليارت ئامېرىكا دول-
لىرى خەجلىگەن بولسىمۇ، سۇنىڭ بۇلغىنىشىدىن ساقلىنىش
پىلانى ئەپسۇسلىنارلىق دەرىجىدە تامامەن مەغلۇپ بولدى"
دەپ زارلانغان. سوۋېت ئىتتىپاقىدا بەزىلەر مىلادى 2000-
يىلى[*] دۇنيادا ئىشلىتىلىدىغان سۇنىڭ ئىستىقبالى ئۈستىدە پە-
رەز قىلىپ، "شۇ مەزگىلگە يېتىپ بارغاندا، دۇنيادىكى بار-
لىق دەريا ئېقىنلىرىدىكى سۇلار سەرپ قىلىنىپ بولىدۇ"

دىگەن خۇلاسىگە كەلگەن. بەزى ئالىملار ھەتتا "ئىنسانلار كەلگۈسىدە دېڭىز سۈيىنى ئىچىشكە مەجبۇر بولىدۇ"، "دەريا ئېقىنلىرى ۋە يەر ئاستىدىكى سۇلار مۇقەررەر ھالدا قۇرۇپ كېتىدۇ، ئىنسانلار سۇ كرىزىسىغا دۇچ كەلمەكتە" ۋاھاكازا دەپ، سۇ مەنبەلىرىدىن پايدىلىنىش جەھەتتىكى ئىستىقبالنى ناھايىتى خۇنۇك قىلىپ تەسۋىرلىمەكتە.

ئىش ئۇنچىۋالا ئېغىر ئەمەس. بىر ئاۋال سۇ سەرپىياتى كۆپرەك بولغان ئامېرىكا، ياپونىيە، مېكسىكا، ھىندىستانلارنى مىسال قىلىپ چۈشەندۈرۈپ ئۆتەيلى: ئامېرىكا، ياپونىيىلەر سانائەتتە سۇنى كۆپرەك ئىشلىتىدىغان مەملىكەت، مېكسىكا، ھىندىستانلار يېزا ئىگىلىكىدە سۇنى كۆپرەك ئىشلىتىدىغان مەملىكەت. ھازىر بۇ مەملىكەتلەر ئىشلىتىۋاتقان سۇنىڭ ئومۇمى مىقدارىنىڭ يىللىق ئومۇمى ئېقىن مىقدارىدا ئىگەللىگەن نىسبىتى 15 پىرسەنتتىن 20 پىرسەنت ئوتتۇرىسىدە بولماقتا. بۇ مەملىكەتلەرنىڭ ئىگىلىك تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئەڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشى ۋە ھازىرقى ئاھالىنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتىنى ھىساپقا ئالغاندىمۇ، ئۇلارنىڭ مىلادى 2000-يىلغا بارغاندا ئىشلىتىدىغان سۈيىنىڭ نىسبىتىمۇ ئاران 30 پىرسەنتتىن 40 پىرسەنتكىچە بولىدۇ.

ئۇنداق بولسا، ھازىر بەزى مەملىكەتلەر نىمە ئۈچۈن سۇ جىددىيلىكىنى ھىس قىلىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەپلىرى ھەر خىل، بۇلار ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەپ شۇكى، يەر يۈزىدىكى دەريا ئېقىنلىرىدىن ئەڭ يۇقۇرى دەرىجىدە پايدىلىنالمايۋاتىدۇ. قۇرغاق، يېرىم قۇرغاق رايونلاردا، يىللىق يېغىن مىقدارىدا ئۆزگىرىش زور بولغانلىقى، يىللىق تەقسىملىنىشى تەكشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، سۇ مولچىلىق يىل-



www.uyghurkitap.com

لاردا ۋە كەلكۈن مەزگىللىرىدە، يەر يۈزىدىكى سۇنىڭ كۆپ قىسمى بىكاردىن-بىكار دېڭىزغا قۇيۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ. مۆلچەرلەرگە قارىغاندا، ھازىر دۇنيا بويىچە ئىشلىتىلىۋاتقان يىللىق سۇ مىقدارى يىللىق ئېقىن مىقدارىنىڭ $\frac{1}{6}$ ىدىن $\frac{1}{8}$ ىگىمۇ يەتمەيدىكەن.

دۇنيادىكى سۇ مەنبەسىدە جىددىيلىك پەيدا قىلىۋاتقان، زىددىيەتنى كۈندىن-كۈنگە گەۋدىلەندۈرۈۋاتقان يەنە بىر مۇھىم سەۋەپ، سۇنىڭ بۇلغىنىشى. دۇنيا بويىچە ھەر يىلى 420 مىليارت كۇپمېتىر مەينەت سۇ سۇ جىسىملىرىغا ئېقىپ كىرىپ، 5 تىرىليون 500 مىليارت كۇپمېتىر سۇنى بۇلغاپ تۇرىدۇ، ئۇ، پۈتۈن يەر شارىدىكى ئومۇمى ئېقىن مىقدارىنىڭ 14 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇلار ئىچىدە، ئامېرىكىدا 150 مىليارت كۇپمېتىر، سوۋېت ئىتتىپاقىدا 100 مىليارت كۇپمېتىر، ياپونىيىدە 24 مىليارت كۇپمېتىر بولۇپ، دەريالار، كۆللەر ۋە يېقىن دېڭىزلارنى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغىماقتا. ئامېرىكىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى 5 چوڭ كۆل زەھەرلىك كۆلگە، ئامېرىكا زېمىنىنىڭ يېرىمىدىكى دەريالار زەھەرلىك دەرياغا ئايلىناي دەپ قالدى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى كاسپىي دېڭىز ۋە قارا دېڭىز بويلىرى نېفىت بىلەن بۇلغىنىپ، قاپ-قارا بولۇپ كەتتى، سۇ جىسىملىرى بۇلغانغانلىقتىن، ئامېرىكا، ياپونىيە ۋە ياۋروپادىكى بەزى مەملىكەتلەردە روشەن ھالدا سۇ مەنبەلىرى "قۇرۇپ كېتىش" ئالامەتلىرى كۆرۈلمەكتە. بۇنىڭ ئۈستىگە سۇ مەنبەلىرىنىڭ تارقىلىشىدىكى تەكشىسىزلىك بىلەن سانائەتنىڭ، ئاھالىنىڭ تارقىلىشىدىكى تەكشىسىزلىكنى نەزەرگە ئالغاندا، بۇ مەملىكەتلەردىكى

سۇ مەنبەلىرىدە كۆرۈلگەن جىددىيلىكلەردىن چۆچۈپ كەتمىسىمۇ بولىدۇ.

## تەبىئەتتىن سۇ ئېلىش

ھازىر بىر مۇنچە مەملىكەتلەرنىڭ يېڭى سۇ مەنبەلىرىنى ئېچىشنى، ئالايلى، دېڭىز سۈيىنى تاتلىق سۇغا ئايلاندۇرۇشنى، گرېنلاندىيە ۋە جەنۇبىي قۇتۇپ رايونىدىكى مۇز مەنبەلىرىنى ئېچىشنى ئايرىم رايونلار، ئايرىم ئورۇنلارنىڭ سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا ئەھمىيەتكە ئىگە، ئەمما، تېخنىكا مۇرەككەپ، تەننەرق تولىمۇ يۇقىرى چۈشىدىغانلىقتىن، مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئېچىلغان سۇ مىقدارىنى دەريا ئېقىنلىرى ۋە يەر ئاستى سۈيى تەمىنلىگەن سۇ مىقدارى بىلەن زادىلا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. بىر قەدەر رىيال، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەسىلىنى ھەل قىلالايدىغىنى يەنىلا دەريا ئېقىنلىرى بىلەن يەر ئاستى سۇ بايلىقىدىن قانداق قىلىپ تولۇق پايدىلىنىش، دېمەك، سۇ مەنبەلىرىنىڭ تەكشى بولماسلىقى، سۇنىڭ بۇلغىنىشىدىن ئىبارەت مۇشۇ ئىككى مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىش — سۇ مەنبەلىرىدىن كەڭ پايدىلىنىشنىڭ مۇھىم يولى.

دۇنيادىكى سۇ مەنبەلىرىنىڭ تارقىلىشى تولىمۇ تەكشى ئەمەس، بەزى جايلار نەمخۇش، ئۇ يەرلەردە سۇ ئېشىپ-تېشىپ تۇرىدۇ؛ ئەمما بەزى جايلار قۇرغاق، ھەتتا ئېغىر دەرىجىدە قۇرغاق، ئۇ يەرلەردە سۇ يېتىشمەيدۇ. شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بىر رايوننىڭ قۇرغاق ياكى نەمخۇش بولۇشى ھەرگىز ھۆل-يېغىنغا باغلىق ئەمەس، مەسىلەن، ئوخشاش مىقداردا ياققان مىڭ مىللىمېتىر يامغۇر سۇنىڭ



پارغا ئايلىنىشى، كۆتۈرۈلۈشى ئېغىر بولىدىغان ئىسسىق بەلۋاغ، مۆتىدىل ئىسسىق بەلۋاغلاردا ئىشلىتىلىدىغان سۇ مىقدارىنى كۆپەيتىشى ناتايىن، ئەكسىچە، سوغاق سىبىرىيە ۋە كانادا قاتارلىق جايلاردا، سۇنى ناھايىتى باياشات قىلىۋېتىدۇ. شۇڭا، ھۆل-يېغىن ۋە پارغا ئايلىنىش، زىرائەت ئارقىلىق كۆتۈرۈلۈشى قاتارلىق ئامىللارنى نەزەرگە ئېلىپ، دۇنيانى نەمخۇش رايونلار ۋە قۇرغاق، يېرىم قۇرغاق رايونلارغا بۆلۈش مۇمكىن. ئەگەر يېغىن مىقدارى زىرائەت نورمال ئۆسۈش جەريانىدا ئېھتىياجلىق بولغان سۇ مىقدارىدىن ئاز بولسا، سۇ يېتىشمىگەن بولىدۇ، ئەكسىچە بولسا سۇ ئېشىپ قالغان بولىدۇ.

دۇنيادىكى رايونلارنىڭ ئۈچتىن بىرقىسمى قۇرغاق، يېرىم قۇرغاق رايونلار بولۇپ، بۇ رايونلاردا يېغىن مىقدارى زىرائەت نورمال ئۆسۈش جەريانىدا ئېھتىياجلىق بولغان سۇ مىقدارىدىن كۆپ دەرىجىدە ئاز بولۇپلا قالماي، بەلكى يىل بويى ئۆزگىرىش چوڭ، يىللىق سۇنىڭ تەقسىملىنىشى تەكشى ئەمەس، سۇ مەنبەلىرى ئىشەنچلىك ئەمەس. ئەمما بۇ رايونلاردا يەتكۈدەك سۇ بولسىلا، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يوشۇرۇن كۈچى ناھايىتى زور. شۇڭا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ۋادىلاردىن، رايونلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ سۇ باشلاش، سۇلۇق رايونلاردىن قۇرغاق رايونلارغا سۇ ئېلىپ كېلىش، شۇ يول بىلەن جايلاردىكى سۇ مەنبەلىرىنىڭ تەكشىسىزلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش خەلقارادا دىققەت-ئېتىبار قوزغىماقتا. بولۇپمۇ قۇرغاق، يېرىم قۇرغاق رايونلاردىكى ئۈچىنچى دۇنيا مەملىكەتلىرى ئىقتىسادىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش، يېزا ئىگىلىكىنى

راۋاجلاندۇرۇپ، ئاشلىق بىلەن ئۇزىنى تەمىنلەش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، سۇ بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى جىددى تەلەپ قىلىشماقتا. مەسىلەن، بەزىلەر كونگو دەرياسى ۋە ئۇنىڭ شىمالىدىكى ئاساسىي تارماق ئېقىنلاردا سۇ ئىنشائاتلىرىنى قۇرۇپ، كەلكۈننى تىزگىنلەپ ۋە تەكشەپ، ئوتتۇرا غەربىي ئافرىقىنىڭ شىمالىدىكى قۇرغاق ۋە يېرىم قۇرغاق رايونلارغا سۇ باشلاپ كېلىپ، يۈز مىليونلىغان گېكتار يەرلەرنى سۇغىرىشنى پەرەز قىلماقتا. شىمالىي ئامېرىكا قۇرۇقلۇغىدىمۇ ئامېرىكىنىڭ ئالياسكا ئىشتاتىدىن كانادا ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ غەربىي قىسمى بىلەن توپ-توغرا مېكسىكىنىڭ ئەڭ جەنۇبىدىكى يۇكاتان يېرىم ئارىلىغىچە، تىنچ ئوكيانىنىڭ دېڭىز بويىدىكى جايلاردىن ئاتلانتىك ئوكيان قىرغىقىدىكى پۈتكۈل شىمالىي ئامېرىكا قۇرۇقلۇغىغىچە سۇ ئامبىرى، كول، دەريا، قانال، ئوستەڭ، تونېل ۋە سۇ تۇرۇبىلىرىدىن تەشكىل تاپقان بىر تۇتاش سۇ تورلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت دولەتتىن ھالقىپ سۇ تەكشەشتەك يىراق مەنزىرە مۇھاكىمە قىلىنماقتا.

بۇنىڭ سىرتىدا، ئېقىن مەنبەلىرىنىڭ يىللىق تەقسىماتىدىكى تەكشىسىزلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، سۇ ئامبارلىرىنى قۇرۇش — ئۈنۈملۈك قۇرۇلۇش تەدبىرى. سۇ ئامبارلىرى ئارقىلىق قاتتىق كەلكۈننى ئاجىزلىتىپ، ئېقىنلارنىڭ مۇقىملىقىنى ئۇستۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق دەريا سۈيى مەنبەلىرىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى كېڭەيتكىلى بولىدۇ. ھازىر پۈتۈن دۇنيادىكى سۇ ئامبارلىرىنىڭ ئومۇمى سىغىمى 4100 كۇب كىلومېتىر بولۇشى مۇمكىن، يىللىق كەلكۈن سۈيىنىڭ



www.uyghurkitap.com

مىقدارى 1900 كۇب ـ مېتىر كېلىدۇ. دەريا ئېقىنلىرىدىن تېخىمۇ ياخشىراق پايدىلىنىپ، يەر ئاستى سۇ مىقدارىنى كۆپەيتىپ، تېخىمۇ مۇقىم، ئىشەنچلىك سۇ مەنبەلىرىنىڭ بولۇشىغا كاپالەت بېرىدىپ، سۇ تارتىلىغان پەسىللەردىكى كەلكۈن مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، يەر ئاستى سۇلىرىنى سۈنئى يول بىلەن تولۇقلاش ئۇسۇلىنى كەڭ قوللىنىپ، يەر ئاستى سۇ ئامبارلىرىنى قۇرۇش، كەلكۈن مەزگىلىدىكى سۇلارنى، سۇغىرىشتىن ئېشىپ قالغان سۇلارنى ۋە سانائەت، يېزا ئىگىلىكىدە قايتا ئىشلىتىلىدىغان سۇلارنى تۈرلۈك ئۇسۇللار ئارقىلىق يەر ئاستىغا كىرگۈزۈۋېتىش ئىشى يولغا قويۇلماقتا. يەر ئاستى سۇ ئامبارلىرىنىڭ كورۇنەرلىك ئىقتىسادىي پايدىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، مەلۇماتلارغا قارىغاندا، سۈنئى يول بىلەن تولۇقلانغان يەر ئاستى سۇلىرىنىڭ يەر يۈزىدىكى سۇلاردىن ئومۇمى يۈزلۈك پايدىلىنىش مىقدارىدا تۇتقان نىسبىتى ناھايىتى يۇقۇرى بولغان، مەسىلەن، ئامېرىكىدا 24 پىرسەنتنى، غەربىي گېرمانىيىدە 30 پىرسەنتنى، گوللاندىيىدە 22 پىرسەنتنى، ئەنگلىيىدە 12 پىرسەنتنى ئىگەللىگەن، دىمەك، يەر ئاستى سۇ ئامبارلىرىنى ياساش دەريا ئېقىنلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىشنىڭ مۇھىم يولى بولۇپ قالماقتا. ھازىر پۈتۈن دۇنيادا يەنە سۇنىڭ بۇلغىنىشىنى كوزدە تۇتقان ھالدا ئۈنۈملۈك تەتقىقات ئېلىپ بېرىلماقتا. بىر مۇنچە مەملىكەتلەر تازىلانمىغان مەينەت سۇلارنىڭ دەريالارغا قويۇلۇشىنى قاتتىق مەنئى قىلىشتىن تاشقىرى، مەينەت سۇلارنى فىزىكىلىق، خىمىيىلىك ۋە بىوخىمىيىلىك ئۇسۇللار بىلەن سۈنئى تازىلاش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، سۇنى قايتا ئىشلەتمەكتە، سۇ مەنبەلىرىدىن پايدىلىنىش دائىرىسىنى كېڭەيتمەكتە.

## نېفىت — 20 - ئەسىردىكى ئېنېرگىيە مەنبەسىنىڭ سەردارى

1973 - يىلى غەرپتە بىرىنچى قېتىم "نېفىت كىرىزىسى" يۈز بەرگەندىن بۇيان، نۇرغۇن مەملىكەتلەر يادرو ئېنېرگىيىسى، قۇياش ئېنېرگىيىسى، يەر ئىسسىقلىقى ئېنېرگىيىسى قاتارلىق يېڭى ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنى ئېچىش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىشنى تېزلەشتۈردى. ئەمما يادرو ئېنېرگىيىسى بىلەن يەر ئىسسىقلىقى ئېنېرگىيىسىنىڭ بۇلغاش مەسىلىسى ۋە قۇياش ئېنېرگىيىسى جەھەتتىكى تېخنىكا مەسىلىسى تېخى ھەل قىلىنمىغانلىقتىن، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا يەتكەندىمۇ يېڭى ئېنېرگىيىنىڭ نېفىتنىڭ ئورنىنى بېسىپ، دۇنيادا مۇھىم ئېنېرگىيە مەنبەسى بولۇپ قېلىشى ناھايىتى تەس، نېفىت دۇنيادىكى ئېنېرگىيە مەنبەسىدە يەنىلا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

## ھازىرقى دۇنيادىكى ئاساسلىق ئېنېرگىيە مەنبەسى

18-ئەسىردە، پارماشىنىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ئارقىسىدا، ياۋروپادا سانائەت ئىنقىلاۋى يۈز بەردى، شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، كومۇر ئوتۇننىڭ ئورنىنى بېسىپ، ئاساسلىق ئېنېرگىيە مەنبەسى بولۇپ قالدى. بۇ، دۇنيادىكى ئېنېرگىيە مەنبەسىنىڭ تۈزۈلۈشىدىكى تۇنجى ئۆزگىرىش بولدى.



ئىنسانلارنىڭ نېفىتنى تېپىشى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى قەدىمقى زامانلاردىن سۈرۈشتە قىلىش مۇمكىن. ئەمما، نېفىتنىڭ كەڭ-كولەمدە ئېچىلىشى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىلىشى ئاران يۈز يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە. 19-ئەسىردە، ئىنگلىزلار بىرىنچى بولۇپ نېفىتتىن كىرسىن ئاجرىتىۋېلىپ، ئۇنى چىراق يېقى قىلغان ئىدى. ئامېرىكىمۇ ئارقىدا قالمىدى، ئامېرىكا 1859 - يىلى پېنسىلۋانىيە ئىشتاتىدا تۇنجى نېفىت قۇدۇقىنى ئاچتى. ئەمما، 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغىچە نېفىت ئاساسەن يورۇتۇشقا ئىشلىتىلىش بىلەنلا چەكلەندى. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئىچىدىن يانىدىغان دىۋىگاتېللارنىڭ كەڭ ئىشلىتىلىشى ئارقىسىدا، نېفىت ھەش-پەش دېگۈچىلا ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنىڭ ئېنېرگىيە يېقىلغۇسى بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ ئاپتوموبىلنىڭ دۇنياغا كېلىشى نېفىت مەھسۇلاتى — بېنزىننىڭ كەڭ ئىشلىتىلىشىگە سەۋەپ بولدى. شۇنداقتىمۇ، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى، نېفىتنىڭ سانائەت ئېنېرگىيىسىنىڭ يېقىلغۇسى سۈپىتىدە تەلەپنى قاندۇرۇش نىسبىتى يەنىلا ناھايىتى تۆۋەن بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۇنيادىكى نۇرغۇن نېفىتلىكلەر تەكشۈرۈپ ئېنىقلانمىدى، نېفىت مەھسۇلاتىمۇ تۆۋەن بولدى، شۇ سەۋەپتىن، دۇنيادىكى ئېنېرگىيە مەنبەسى ئىچىدە، نېفىت كومۇرنىڭ ئورنىنى باسالمىدى.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا، نېفىت ھەربىي ئورۇنلارنىڭ ئاساسىي ئېنېرگىيە يېقىلغۇسى بولۇپ قالدى. ئىستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 1939 - يىلدىن 1945 - يىلغىچە، ئۇرۇش قىلىشۋاتقان تەرەپلەر ئىشلەتكەن 40 مىل-

www.uyghurkitap.com

يون ئاپتوموبىل، 150 مىڭ تانكا ۋە 200 مىڭ ئايروپىلاننىڭ ھەممىسى نېفت مەھسۇلاتى بىلەن ھەركەتلەندۈرۈلگەن.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، 50 - يىللاردىن 60 - يىللارغىچە بولغان ۋاقىتنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، دۇنيادا نېفت مەھسۇلاتى ناھايىتى تېز ئۆستى. ئۇ، ئۇرۇشتىن كېيىن نېفت ئىستېمالىغا بولغان ئېھتىياجنى قاندۇرۇشنىڭ ماددى ئاساسىنى يارىتىپ بەردى. بولۇپمۇ نېفت يېنىش خۇسۇسىيىتى ياخشى، بىرلىك ئىسسىقلىق قىممىتى كومۇرنىڭكىدىن بىر باراۋەر يۇقۇرى، توشۇش ئوڭاي، پاكىز بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغانلىقتىن، ئۇرۇشتىن كېيىن نۇرغۇن مەملىكەتلەر ئېنېرگىيە بىلەن ھەركەتلىنىدىغان پار قازانلىرىغا كومۇر قالىماي نېفت قالايدىغان، بىرمۇنچە مەملىكەتلەر نېفتتىن ئېنېرگىيە بايلىقى سۈپىتىدە پايدىلىنىدىغان بولدى. بۇ ئەھۋال نېفتنىڭ دۇنيادىكى ئېنېرگىيە مەنبەسى تۈزۈلۈشىدىكى سالمىقىنى تېز ئۆستۈرۈۋەتتى. 1965 - يىلى نېفتنىڭ دۇنيادىكى ئېنېرگىيە ئىستېمالىدا تۇتقان سالمىقى 39.4 پىرسەنتكە كۆتۈرۈلدى، كومۇرنىڭ سالمىقى بولسا 38.7 پىرسەنتكە چۈشتى. بۇ ھال 60 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، نېفتنىڭ كومۇرنىڭ ئورنىنى بېسىپ، دۇنيادىكى ئاساسىي ئېنېرگىيە مەنبەسى بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرسەتتى. دۇنيادىكى ئېنېرگىيە مەنبەسىنىڭ تۈزۈلۈشىدە ئىككىنچى قېتىملىق ئۆزگىرىش يۈز بەردى.

دۇنيادىكى ئېنېرگىيە مەنبەسىدە بولغان ھەربىر ئۆزگىرىش ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ياپونىيە ئىقتىسادىنىڭ 60 - يىللاردا



دۇنياغا تونۇلغان يۇقۇرى سۈرئەتلىك تەرەققىياتىدىكى مۇھىم ئامىللاردىن بىرى شۇكى، ياپونىيە 60 - يىللارنىڭ بېشىدا نېفتنىڭ كومۇرنىڭ ئورنىنى بېسىپ، ئاساسلىق ئېنېرگىيە مەنبەسى بولۇشتەك ئۆزگىرىشنى ئورۇنلىدى. 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن ئېتىۋارەن، ياپونىيە ئومۇمىي ئېنېرگىيە مەنبەسىنىڭ توتتىن ئۈچ قىسمىنى نېفتكە ئۆزگەرتتى. ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىللەردە، دۇنيادىكى نېفت ئىستېمالى تۆۋەنرەك بولغانلىقتىن، نېفتنىڭ باھاسى ئەرزان بولۇپ، بىر توڭ نېفت ئاران بىر ئامېرىكا دوللىرىدىن سەللا قىممەت ئىدى. ياپونىيە بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، نۇرغۇن نېفت ئىمپورت قىلىۋالدى. ئەرزان باھالىق نېفت قىممەت باھالىق كومۇرگە قارىغاندا، خۇددى سۇغا ئوخشاش، ئوتتۇرا شەرقتىن ياپونىيىگە توختىماي ئېقىپ تۇردى. ئەرزان باھالىق نېفت توكنىڭ تەننەرقىنى چۈشۈرۈپ، ياپونىيىنىڭ پولات تاۋلاش، كانچىلىق، خىمىيە سانائىتى قاتارلىق ئورۇنلارنى يۇقۇرى سۈرئەت بىلەن راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ياپونىيە نېفتتىن كۆپلەپ پايدىلىنىۋاتقان بىر ۋاقىتتا، غەربىي ياۋروپادىكى ئەنگلىيە، فرانسىيە، غەربىي گېرمانىيە قاتارلىق كومۇر ئىشلەپچىقارغۇچى مەملىكەتلەر كومۇر مەھسۇلاتىنىڭ يەنىلا ئاساسىي ئېنېرگىيە مەنبەسى بولۇپ قېلىشىنى قوغداش كويىدا بولدى، 60 - يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندىلا، غەربىي گېرمانىيە بىلەن فرانسىيە نېفتنىڭ كومۇرنىڭ ئورنىنى بېسىپ، ئاساسىي ئېنېرگىيە مەنبەسى بولۇشتەك ئۆزگىرىشنى ئورۇنلىدى. ئەنگلىيە بولسا 1972 - يىلى، سوۋېت ئىتتىپاقى 1973 - يىلى ئورۇنلىدى.

## دۇنيادىكى نېفىتنىڭ تارقىلىشى ۋە نېفىت زاپىسى

نېفىت بىر خىل مايلىق سۇيۇقلۇق، ئۇ نۇرغۇن ئورگانىك ئارىلاشمىلاردىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئومۇمەن، تەركىۋىدە 84 پىرسەنت كاربون، 12 پىرسەنت ھىدروگېن بار، قالغان قىسمى گۈڭگۈرت، ئازوت ۋە ئوكسىگېندىن ئىبارەت. نېفىت ئومۇمەن قارا بولىدۇ. ساغۇش ياكى سۇزۇكلىرىمۇ بار. نېفىت سۇدىن يەڭگىل بولۇپ، نېفىتنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ سالمىقى 0.77 بىلەن 0.96 ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ، ئۇنىڭ سالمىقى قانچە يېنىك بولسا، سۈپىتى شۇنچە ياخشى بولىدۇ، يەنى ئۇنىڭدىكى بېنزىن بىلەن كېروسىننىڭ تەركىۋى شۇنچە كۆپ بولىدۇ.

نېفىت يەر ئاستى ياكى دېڭىز ئاستىدىكى ماي قاتلىمىدا بولۇپ، ئۇنى چارلاش ئارقىلىقلا تاپقىلى بولىدۇ، ئومۇمەن، نېفىت تەبىئى گاز ۋە سۇ بىلەن بىللە تۇرىدۇ، يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تەبىئى گاز، نېفىت، سۇنىڭ ھەرقايسىسى نىسبەت بويىچە جايلاشقان بولىدۇ. نېفىتلىكنى ئاچقاندا، ئاۋال تەبىئى گاز، ئاندىن نېفىت، ئاخىرىدا سۇ چىقىدۇ.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى، ياۋروپا ۋە شىمالىي ئامېرىكىدا نېفىت چارلاش خىزمىتى كەڭ ئېلىپ بېرىلغان ئىدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، نېفىت چارلاش ياۋروپا ۋە شىمالىي ئامېرىكىدىن ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسى رايونلىرىغا يۆتكەلدى. 60 - يىللارغا كەلگەندە، چارلاش ئارقىسىدا، ئوتتۇرا شەرقتىكى پارس قول-



تۇغى رايونىدا نېفىت زاپىسى ھەممىدىن كۆپ بولۇپ، دۇنيادىكى نېفىت زاپىسىنىڭ بەشتىن ئۈچ قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغانلىقى بايقالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دېڭىز ئاستىدىكى نېفىتنى چارلاشمۇ خېلى ئىلگىرىلەشلەر بولدى.

ھازىر، دۇنيادىكى ئاساسلىق نېفىت زاپىسى بار رايونلارنىڭ تارقىلىشى مۇنداق: 1. ئوتتۇرا شەرقتىكى پارس قولتۇغى رايونى، 2. ئافرىقىدىكى سەھرايى كەبىر رايونى ۋە گۋىنېيە قولتۇغى ھەمدە شۇ يەردىكى قۇرۇقلۇق ھاۋزىلىرى، 3. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ۋولگا - ئۇرال رايونى بىلەن سىبىرىيە رايونى، كاسپى دېڭىز ئاستى، 4. مېكسىكا قولتۇغى، 5. لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ۋېنېسۇئېلا بىلەن مېكسىكا، 6. غەربىي ياۋروپادىكى شىمالىي دېڭىز نېفىتلىكى، 7. شەرقىي - جەنۇبىي ئاسىيادا ھىندونېزىيىنىڭ دېڭىز بويىدىكى رايونلار، 8. ئاۋستىرالىيىدىكى باشى بوغىزى.

دۇنيادا تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان نېفىت زاپىسى 1950 - يىلى 10 مىليارت 400 مىليون توننا بولۇپ، 10 يىلدىن كېيىن 36 مىليارت 300 مىليون تونىغا يەتكەن ئىدى. 1978 - يىلدىكى نېفىت زاپىسى 88 مىليارت 700 مىليون تونىغا يەتتى.

1978 - يىلدىكى نېفىت زاپىسىنىڭ تارقىلىشى مۇنداق: ئوتتۇرا شەرقتە 50 مىليارت 600 مىليون توننا، ياۋروپادا 13 مىليارت 40 مىليون توننا، لاتىن ئامېرىكىسى بىلەن شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىدە 10 مىليارت 300 مىليون توننا، ئافرىقىدا 7 مىليارت 900 مىليون توننا، ئاسىيا ۋە ئوكيانىيىدە 5 مىليارت 400 مىليون توننا.

ھازىر دۇنيادا نېفىت زاپىسى ھەممىدىن كۆپ مەملىكەت

سەئۇدى ئەرەبىستانى بولۇپ، 1978 - يىلدىكى نېفىت زاپىسى 22 مىليارت 70 مىليون تونىنغا يەتكەن، ئۇنىڭدىن قالسا سوۋېت ئىتتىپاقى، ئۇنىڭ 1978 - يىلدىكى نېفىت زاپىسى 9 مىليارت 700 مىليون توننا بولۇپ، دۇنيادا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، كۇۋەيتنىڭ 9 مىليارت توننا، ئىراننىڭ 8 مىليارت توننا، ئامېرىكىنىڭ 3 مىليارت 900 مىليون توننا.

## دۇنيادىكى نېفىت مەھسۇلاتىنىڭ مىقدارى

ئۇرۇشتىن كېيىن، دۇنيادا نېفىت ئىشلەپچىقىرىشى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ، نېفىت مەھسۇلاتى يىلمۇ-يىل ئېشىپ، ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن ھەر 10 يىلدا بىر قاتلىنىپ تۇردى. 1978 - يىلى دۇنيادىكى نېفىتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 3 مىليارت تونىنغا يەتتى. مەملىكەتلەر بويىچە ئېيتقاندا، 1978 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى 570 مىليون توننا نېفىت ئىشلەپچىقارغان بولۇپ، دۇنيادا بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتتى، ئامېرىكا ئىككىنچى ئورۇندا بولۇپ، مەھسۇلاتى 480 مىليون تونىنغا يەتتى، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ 410 مىليون توننا بولۇپ، ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىران تۆتىنچى بولۇپ، مەھسۇلاتى 260 مىليون تونىنغا يېتىدۇ. ئەنگلىيىدە چىقىدىغان نېفىت ژورنىلىنىڭ 1980 - يىل 1 - ئايدىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، 1979 - يىلى دۇنيادىكى نېفىتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 3 مىليارت 250 مىليون تونىنغا يەتكەن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 580 مىليون تونىنغا، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ 510 مىليون تون-



نىغا، ئامېرىكىنىڭ 479 مىليون تونىنغا يەتكەن.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى، ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى، ۋېنېسۇئېلا دۇنيادىكى ئاساسلىق نېفىت ئىشلەپچى-قىرىلىدىغان جاي ھېسابلىناتتى، بۇلار ئىچىدە ئامېرىكىنىڭ نېفىت مەھسۇلاتى 65 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان بولۇپ، "نېفىت ئىمپېرىيىسى" دەپ ئاتالغان ئىدى. ئەمما، ئۇرۇش-تىن كېيىن ئەھۋالدا جىددىي ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ئامې-رىكا 1950 - يىلدىن باشلاپ، نېفىت ئېكسپورت قىلىدىغان مەملىكەتتىن، نېفىت ئىمپورت قىلىدىغان مەملىكەتكە ئايلىنىپ قالدى. 60 - يىللارغا كەلگەندە، ئوتتۇرا شەرقنىڭ نېفىت مەھسۇلاتى ئامېرىكىنىڭكىدىن ئېشىپ كەتتى. 1965 - يىلى ئوتتۇرا شەرقتىكى نېفىت مەھسۇلاتى 410 مىليون تونىنغا يېتىپ، دۇنيادىكى ئومۇمىي نېفىت مەھسۇلاتىنىڭ 28 پىر-سەنتىنى تەشكىل قىلدى، ئامېرىكىنىڭ 385 مىليون توننا بولۇپ، دۇنيادىكى ئومۇمىي نېفىت مەھسۇلاتىنىڭ 26 پىر-سەنتىنى تەشكىل قىلدى. 70 - يىللاردىن بۇيان، ئوتتۇرا شەرقنىڭ نېفىت مەھسۇلاتى داۋاملىق ئېشىپ، سالمىقى يىلمۇ - يىل ئۇستى، ئامېرىكىنىڭ بولسا تۆۋەنلەپ كەتتى. 1977 - يىلى دۇنيادا نېفىت ئىشلەپچىقىرىدىغان 5 چوڭ رايون مۇنۇلاردىن ئىبارەت: 1. ئوتتۇرا شەرق، دۇنيادىكى ئومۇمىي نېفىت مەھسۇلاتىنىڭ 39·4 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى، 2. سوۋېت ئىتتىپاقى، دۇنيادىكى ئومۇمىي نېفىت مەھسۇلاتىنىڭ 38·7 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى، 3. ئامې-رىكا، 14·1 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى، 4. ئافرىقا، تەخمىنەن 10 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى، 5. لاتىن ئامېرى-كىسى، تەخمىنەن 7·7 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى.



www.uyghurkitap.com

سوۋېت ئىتتىپاقى دۇنيا بويىچە نېفىتنى ئەڭ كۆپ ئىشلەپچىقىرىدىغان مەملىكەت. سوۋېت ئىتتىپاقىدا نېفىت بايلىقى ھەممىدىن مول بولۇپلا قالماي، بەلكى نېفىت سانائىتىمۇ بىر قەدەر راۋاجلانغان. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نېفىت مەھسۇلاتى 30 مىليون تونىنغا يەتكەن ئىدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نېفىت سانائىتى ناھايىتى زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. ئۇرۇشتىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نېفىت ئىشلەپچىقىرىشى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، 1949 - يىلى نېفىت مەھسۇلاتى ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى سەۋىيىگە يەتتى. 1955 - يىلى نېفىت مەھسۇلاتى 70 مىليون تونىنغا يەتتى، 1960 - يىلى 100 مىليون توننىدىن ئېشىپ كەتتى، 1974 - يىلى 450 مىليون توننىغا يەتتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نېفىت قېزىش ئىشى ئاساسەن غەربىي سىبىرىيە بىلەن قازاقىستان رايونىغا مەركەزلەشتى. 1974 - يىلى غەربىي سىبىرىيە رايونىنىڭ ئۆزىدىلا 110 مىليون تونىنا نېفىت ئىشلەپچىقىرىلدى. شۇ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نېفىت مەھسۇلاتى 450 مىليون تونىنغا يېتىپ، ئامېرىكىدىن ئۆتۈپ كەتتى ۋە دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتتى.

ھازىر، شەرقىي ياۋروپا ئەللىرى ئېھتىياجلىق بولغان نېفىتنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى سوۋېت ئىتتىپاقى تەمىنلەۋاتىدۇ.

70 - يىللاردىن بۇيان، دېڭىز ئاستىدىن نېفىت ئېلىشمۇ ئۇچقاندەك راۋاجلاندى. 1976 - يىلى دۇنيادا 30 نەچچە مەملىكەت دېڭىز ئاستىدىن نېفىت ئالدى، بۇلار ئىچىدە



ئەنگلىيىنىڭ شىمالىي دېڭىزدا ئاچقان نېفىتلىكى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ھەممىدىن بەك قوزغىماقتا. ئەنگلىيە 1964 - يىلى شىمالىي دېڭىز رايونىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شىمالىي دېڭىز رايونىدا 5 مىليارت 700 مىليون تونىنا نېفىت زاپىسى بولۇپ، ئەنگلىيە دېڭىز تەۋەسىدىكىسى 3 مىليارت 500 مىليون تونىنغا، نورۋېگىيە، دانىيە قاتارلىق 7 دۆلەتنىڭ دېڭىز تەۋەسىدىكىسى 2 مىليارت 200 مىليون تونىنغا يېتىدىكەن. 1975 - يىلى ئەنگلىيە شىمالىي دېڭىز نېفىتلىكىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىپ، بىرىنچى تۈركۈمدە 1 مىليون 560 مىڭ تونىنا نېفىت ئالدى، 1978 - يىللىق نېفىت مەھسۇلاتى 50 مىليون تونىنغا يەتتى. 1983 - يىلىغا يەتكەندە، نېفىت مەھسۇلاتى 150 مىليون تونىنغا يېتىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، نېفىت مەھسۇلاتىنىڭ ئوسۇشى تۆۋەن بولۇشتەك ئۆزگىرىش دۇنيا تارىخىدا بىرىنچى قېتىم يۈز بەرمەكتە. بۇنداق بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەب شۇكى، دۇنيادا نېفىت چىقىدىغان جايدا — ئوتتۇرا شەرقتە نېفىت مەھسۇلاتى چۈشۈپ كەتتى. بۇ ئەھۋالنى ئاساسلىقى ئىران بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستاندىن ئىبارەت ئىككى چوڭ نېفىت دۆلىتىدە مەھسۇلاتنىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ئىران 1978 - يىلىدىن ئىلگىرى نېفىت ئىشلەپچىقىرىشتا دۇنيا بويىچە تۆتىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان، نېفىت ئېكسپورت قىلىشتا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان مەملىكەت ئىدى، ئىران نېفىتىنىڭ 90 پىرسەنتىنى ئېكسپورت قىلاتتى، ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن كۈنىگە 6 مىليون تۇڭ نېفىت ئىش-

لەپچىقىرىلاتتى، ھەر كۈنى 5 مىليون تۇڭ نېفىت ئېكسپورت
قىلىناتتى①. 1977 - يىلى ئىراننىڭ نېفىت مەھسۇلاتى 280
مىليون توننا ئىدى، 1978 - يىلى 260 مىليون تونىنغا،
1979 - يىلى 145 مىليون تونىنغا چۈشۈپ قالدى، مەھ-
سۇلاتنىڭ كېمىيىپ كېتىشىگە ئىراندىكى سىياسىي ۋەزىيەت-
نىڭ داۋالغۇپ قالغانلىقى ئاساسىي سەۋەب بولدى. 1978-
يىلى ئىراندىكى نېفىت ئىشچىلىرى ئىش تاشلاپ، پەھلىۋى
شاھقا قارشى چىقتى، 1978 - يىل 11 - ئايدا، نېفىتنىڭ
كۈنلۈك مەھسۇلاتى 3 مىليون 500 مىڭ تۇڭغا چۈشۈپ
قالدى، شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، ئىراندا نېفىت
ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئېكسپورت قىلىش توختاپ قالدى.
1979 - يىل 3 - ئايدا، ئىران نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ۋە
ئېكسپورت قىلىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما نې-
فىتنىڭ كۈنلۈك مەھسۇلاتى ئاران 3 مىليون تۇڭ بولدى.

سەئۇدى ئەرەبىستانى نېفىت ئېكسپورت قىلىشتا دۇن-
يا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان مەملىكەت. ئۇنىڭ
مول نېفىت زاپىسى ئىككى ئالاھىدىلىككە ئىگە: بىرى، نې-
فىت زاپىسى ئىنتايىن مول نېفىتلىك كۆپ. دۇنيادا نېفىت
زاپىسى 600 مىليون تونىدىن ئاشىدىغان زور نېفىتلىكلەر-
دىن 20 نەچچىسى بولۇپ، بۇنىڭ 5 ى سەئۇدى ئەرەبىس-
تانىدا. بۇ، مەبلەغنى تېجەش، ئىشلەپچىقىرىش تەننەرقىنى
چۈشۈرۈش مەھسۇلاتنىڭ مۇقىم ۋە يۇقىرى بولۇشىنى ساق-
لاپ قېلىشتا مۇھىم ئىقتىسادىي ئەھمىيەتكە ئىگە. يەنە بىرى،
رايونلارغا تارقىلىشى جەھەتتە، نېفىتلىك ئاساسەن پارس
قولتۇقىنى بويىغا ۋە پارس قولتۇقىغا يېقىن دېڭىز ساھىلىغا

① يەتتە تۇڭ تەخمىنەن بىر توننا كېلىدۇ.



www.uyghurkitap.com

مەركەزلەشكەن، بۇ ھال نېفىت ئېلىش، توشۇش، ئېكسپورت
قىلىش ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق.

سەئۇدى ئەرەبىستانى نېفىت ئىشلەپچىقىرىشتا دۇنيادا
ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان مەملىكەت، ئەڭ يۇقىرى كۈن-
لۈك مەھسۇلاتى 12 مىليون تۇڭغا يېتىدۇ. ئەمما ئۇ،
سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكىدىن ئىبارەت دەرىجىدىن
تاشقىرى ئىككى مەملىكەتنىڭ "نېفىت ئۇشۇقچىلىقى"نى بازار-
غا سېلىپ، نېفىت باھاسىنى چۈشۈرۈش، ئىقتىسادىي كىرى-
زىسنى باشقىلارغا دۆڭگەپ قويۇشتەك سۇيىقەستىگە تاقابىل
تۇرۇش ئۈچۈن، 1975 - يىل 10 - ئايدىن ئېتىۋارەن نې-
فىتنىڭ كۈنلۈك مەھسۇلاتىنى 8 مىليون تۇڭ بىلەن چەكلەپ
قويدى. 1978 - يىلى، ئىراندا ئۈزۈلۈپ قالغان كەم نېفىت-
نىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، نېفىتنىڭ كۈنلۈك مەھسۇ-
لاتىنى 10 مىليون 500 مىڭ تۇڭغا كۆپەيتتى.

## نېفىتنىڭ ئىستېمال قىلىنىشى

دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدىن 60 - يىللار-
غىچە بولغان ئارىلىقتا، دۇنيادا نېفىت مەھسۇلاتىنىڭ ئىش-
لەپچىقىرىلىشى بىلەن ئىستېمال قىلىنىش مۇناسىۋىتىدە تە-
مىنلەش تەلەپتىن ئېشىپ كەتكەن ئىدى. 60 - يىللاردىن
70 - يىللارغىچە بولغان ۋاقىتنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىسى-
دا، دۇنيادىكى سانائەتتە تەرەققىي قىلغان مەملىكەتلەر ئىل-
گىرى - ئاخىر نېفىتنى سانائەت، يېزا ئىگىلىكى قاتارلىق تار-
ماقلاردا ئېنېرگىيە يېقىلغۇسى قىلغاندىن كېيىن، نېفىت ئىس-
تېمالى جىددىي ئۆرلەپ، دۇنيادا نېفىت بىلەن تەمىنلەش

ئەلەپكە ئۇيغۇنلىشالمايدىغان بولۇپ قالدى.

ئامېرىكا، غەربىي ياۋروپا مەملىكەتلىرى، ياپونىيە نېفىتنى ھەممىدىن كۆپ ئىستېمال قىلىدۇ. غەربىي ياۋروپا بىلەن ياپونىيىدە ئېنېرگىيە مەنبەسى چەكلىك، ئۇ يەرلەردە ھەر يىلى ئوتتۇرا شەرق، ئافرىقا، شەرقىي - جەنۇبىي ئاسىيادىن نېفىت ئىمپورت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. 1975 - يىلى ياپونىيە ئۈچىنچى دۇنيادىن 240 مىليون توننا نېفىت ئىمپورت قىلدى، غەربىي ياۋروپا 630 مىليون توننا نېفىت ئىمپورت قىلدى.

ئامېرىكا نېفىت بايلىقى مول مەملىكەت، نېفىت ئىشلەپچىقىرىشتا دۇنيادا ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئامېرىكا تارىختا نېفىت ئېكسپورت قىلىدىغان مەملىكەت بولۇپ كەلگەن ئىدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئىچكى ئىستېمال مىقدارى كۆپەيگەنلىكتىن، نېفىت ئېكسپورتى يىلدىن - يىلغا ئازىيىپ كەتتى. 1950 - يىلغا كەلگەندە، ئامېرىكا نېفىت ئېكسپورت قىلىدىغان مەملىكەتتىن نېفىت ئىمپورت قىلىدىغان مەملىكەتكە ئايلىنىپ قالدى. 60 - يىللاردىكى 10 يىل داۋامىدا، ئامېرىكىدا نېفىت مەھسۇلاتى ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3.4 پىرسەنتتىن ئاشقان بولسا، ئىستېمال مىقدارى ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4.2 پىرسەنت ئېشىپ تۇردى. 70 - يىللارغا كەلگەندە، تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج جەھەتتىكى بۇ پەرق كۈندىن - كۈنگە چوڭىيىپ كەتتى. ئامېرىكىدا 210 مىليون ئاھالە بار، بۇ، دۇنيادىكى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 5 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلسىمۇ، ئەمما دۇنيادىكى ئومۇمىي نېفىت مىقدارىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى سەرپ قىلىۋېتىدۇ، بۇ، دۇنيادا نېفىت ئىستېمالى ئەڭ يۇقىرى



بىر مەملىكەت. 1975 - يىلى ئامېرىكىنىڭ نېفىت مەھسۇلاتى 410 مىليون توننا بولغان بولسا، ئىستېمال مىقدارى 800 مىليون تونناغا يەتكەن، ئىستېمال جەھەتتىكى يېتىشمەسلىكنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئامېرىكا شۇ يىلى 300 مىليون توننا نېفىت ئىمپورت قىلغان، بۇ، ئامېرىكىدا شۇ يىلى ئىستېمال قىلىنىدىغان نېفىتنىڭ تەخمىنەن يېرىمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

1976 - يىلى ئامېرىكا ئىمپورت قىلغان نېفىت ئۈچۈن 37 مىليارت 600 مىليون ئامېرىكا دوللىرى چىقىم قىلدى، بۇ، ئومۇمىي ئىمپورت سوممىسىنىڭ ئۈچتىن بىرىگە توغرا كېلىدۇ. 1978 - يىلى نېفىت ئىمپورتى ئۈچۈن 42 مىليارت 300 مىليون ئامېرىكا دوللىرى سەرپ قىلدى. دېمەك، ئامېرىكىدا نېفىت ئىمپورتى يىلدىن - يىلغا كۆپىيىپ بارغانلىقتىن، نۇرغۇن ئامېرىكا دوللىرى سىرتقا چىقىپ كەتتى. بۇ ئەھۋال ئامېرىكىنىڭ كىرىم - چىقىمىدىكى پەرقنى چوڭايتىپلا قالماي، بەلكى ئامېرىكىدا كۆپ قېتىم ئامېرىكا دوللىرى كىرىزىسى بىلەن ئىقتىسادىي كىرىزىس پەيدا قىلدى.

ئامېرىكىدا ھەر يىلى شۇنچە نۇرغۇن نېفىتنىڭ ئىستېمال قىلىنىشىنى قانداق سەۋەبلەر كەلتۈرۈپ چىقاردى؟

ئامېرىكىدا سانائەت، يېزا ئىگىلىك، ترانسپورت قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى بىلەن ھەربىي ئورۇنلاردا نۇرغۇن نېفىت ئىستېمال قىلىنىشتىن تاشقىرى، ئائىلىلەردىمۇ، ئالايلى، ئىسسىنىش، چىراق، ھاۋانى تەڭشەش قاتارلىقلار ئۈچۈنمۇ نۇرغۇن نېفىت سەرپ قىلىنىدۇ. ئامېرىكىدىكى نېفىت ئىستېمالىدا بولۇۋاتقان ئىسراپچىلىق — نېفىتنىڭ كۆپلەپ ئىستېمال قىلىنىپ كېتىشىدىكى ئاساسىي ئامىل. مەسىلەن،

ئامېرىكىدىكى 200 مىليوندىن ئارتۇق ئاھالىدە 100 مىليوندىن ئارتۇق كىچىك ئاپتوموبىل بار، يالغۇز ئاپتوموبىلنىڭ ئۆزىگىلا ھەر يىلى 200 مىليون توننىدىن كۆپرەك بېنزىن كېتىدۇ، بۇ، مەملىكەت مىقياسىدىكى نېفىت ئىستېمالىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. بوگاد ئۆزىنىڭ «كېرەكسىز نەرسىنى ئىشلەپچىقارغۇچىلار» دىگەن كىتاۋىدا، ئامېرىكا جەمىيىتىدىكى ئىسراپچىلىق ھادىسىلىرىنى چوڭقۇر پاش قىلىپ؛ "قىش كۈنلىرى ئۆيىنى ئىسسىتىش ئۈچۈن مىڭ گاللونلاپ يېقىلغۇنى قالىۋېتىشكە رازىكى، كىيىم-كېچەكنى كۆپرەك كىيىشكە رازى بولۇشمايدۇ" دەيدۇ.

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئامېرىكىدا ھەر بىر كىشى بىر يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4 توننا، ياپونىيە بىلەن غەربىي ياۋروپادىكى مەملىكەتلەردە بولسا، ھەر بىر كىشى بىر يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئىككى توننا ئەتراپىدا نېفىت ئىستېمال قىلىدىكەن. شۇنچە زور مىقداردىكى ئىستېمال خەلقارا بازارلاردا نېفىت بىلەن تەمىنلەش ۋە تەلەپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە جىددى ۋەزىيەت پەيدا قىلماقتا.

ئامېرىكا، غەربىي گېرمانىيە، ئەنگلىيە، ياپونىيە قاتارلىق 20 ئاساسلىق غەرب مەملىكەتلىرىدىن تەشكىل تاپقان خەلقارا ئېنېرگىيە ئورگىنىنىڭ مۆلچەرىگە قارىغاندا، 1979-يىلى دۇنيادا ھەر كۈنى 52 مىليون 600 مىڭ تۇڭ نېفىت ئىستېمال قىلىنغان، ئەمما دۇنيا بويىچە ھەر كۈنى ئىشلەپچىقىرىلغان نېفىتنىڭ ئومۇمى مىقدارى 51 مىليون 100 مىڭ تۇڭ بولغان. شۇڭا، خەلقارا بازاردا ھەر كۈنى كەملىك قىلىۋاتقان 1 مىليون 500 مىڭ تۇڭ نېفىتكە ھەر كۈنى خەلقارادا زاپاس ساقلىنىدىغان 800 مىڭ تۇڭ نېفىت قوشۇلۇپ جەمى 2 مىليون 300 مىڭ تۇڭ نېفىت كەملىك



www.uyghurkitap.com

قىلىنىدىكەن.

خەلقارا ئېنېرگىيە ئورگىنى 1979-يىل [illegible]دا كېلىشىپ، ئەزا دۆلەتلەرنىڭ نېفىت ئىستېمالىنى 5 پىرسەنت ئازايتىشنى يەنى ھەر كۈنى 2 مىليون تۇڭ نېفىتنى ئىمپورت قىلىشنى بەلگىلىدى. ئەگەر مۇشۇ تەدبىر ئەمەلدە كۆرسىتىلسە دۇنيا بازىرىدىكى تەمىنلەش بىلەن تەلەپنى ئومۇمەن تەڭلەشتۈرگىلى بولىدۇ.

نېفىت بىلەن تەمىنلەش جەھەتتىكى جىددىلىكنى پەسەيتىش ئۈچۈن، نېفىت ئىستېمال قىلىدىغان نۇرغۇن دۆلەتلەر جىددى ئېھتىياجنىڭ ھودۇقىشىدىن چىقىشنىڭ بەزى تەدبىرلىرىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدى. ياپونىيە 1979-يىل 1-ئايدىن ئېتىبارەن مەملىكەت بويىچە ئېنېرگىيىنى ئىقتىسات قىلىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. بەزى غەرب ئەللىرى بېنزىن بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش تۈزۈمىنى يولغا قويدى، بەزىلىرى ئاپتوموبىلنىڭ يۈرۈش سۈرئىتىنى ۋە بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ئاپتوموبىلنىڭ يۈرۈشىنى چەكلىدى. مۇشۇ تەدبىرلەرنى قوللانغان بولسىمۇ، ئەمما تۈپ ئاساسىدىن ئېيتقاندا، غەربىي ياۋروپادا ۋە ياپونىيىدە ئېنېرگىيە يېتىشمىگەنلىكى، ئامېرىكا كۆپلەپ نېفىت ئىمپورت قىلىۋاتقانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ بىرنەچچە يىل ئىچىدە كۆپلەپ نېفىت ئىمپورت قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، نېفىت جىددىلىكىنى دەرھال ھەل قىلىش تەس.

## كەلگۈسىگە نەزەر

1979-يىلى نېفىتنىڭ يېتىشمىگەنلىكىگە ئەگىشىپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا نېفىت باھاسى ئۆرلەپ كەت-

تى، بۇ ھال دۇنيادىكى كۆپچىلىك جايلاردا، بولۇپمۇ غەربىي ياۋروپا مەملىكەتلىرىدە ئەنسىزلىك پەيدا قىلدى. نېفىت دۇنيادىكى ئاساسلىق ئېنېرگىيە مەنبەسى بولۇش سۈپىتى بىلەن زادى قانچىلىك ۋاقىت بەرداشلىق بېرەلەيدۇ دېگەن مەسىلە، كىشىلەر ئومۇمىي يۈزلۈك كۆڭۈل بولىدىغان مەسىلە بولۇپ قالدى.

1978-يىلى دۇنيادا 88 مىليارت 700 مىليون توننا نېفىت زاپىسى بارلىغى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ئىدى، دۇنيا بويىچە شۇ يىلى نېفىت مەھسۇلاتى 3 مىليارت توننىغا يەتتى. ئەگەر يىللىق مەھسۇلاتنى 3 مىليارت توننىدىن ھېسابلىغاندا، تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان نېفىت زاپىسىنى 30 يىلدا ئېچىپ بولۇش مۇمكىن. يەنى 30 يىلدىن كېيىن، تەخمىنەن 2010-يىلىدىن كېيىن، نېفىت قۇرۇپ كېتىشى مۇمكىن. بۇ، ھازىر غەرپتە تارقىلىپ يۈرگەن گەپ.

نېفىت زاپىسىدىن ئېيتقاندا، يەر ئاستى ۋە دېڭىز ئاستىدا بۇندىن كېيىن ئاچقۇدەك زادى قانچىلىك نېفىت بار؟

ھازىر فىرانسىيە نېفىت تەتقىقاتى دۇنيادىكى نېفىت مەنبەسى توغرىسىدا بىر قەدەر يېڭى مۆلچەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ مۆلچەرىچە، دۇنيادا ئېچىشقا بولىدىغان نېفىت زاپىسىنىڭ ئەڭ يۇقۇرى چېكى 260 مىليارت توننا ئەتراپىدا بولۇپ، ئەگەر ئۇنىڭغا چوڭقۇر دېڭىز (200 مېتىردىن چوڭقۇر) بىلەن جەنۇبىي ۋە شىمالىي قۇتۇپ رايونىدىكىسىمۇ قوشۇپ ھېسابلانسا، 300 مىليارت توننىغا يېتىشى مۇمكىن. دېمەك، نېفىت بايلىقى بىلەن يەنە 100 يىل تەمىنلەشكە بولىدۇ. بۇ مۆلچەر ئىشەنچلىكمۇ؟ ھازىر يېڭى نېفىت زاپاسلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تېپىلىۋاتقانلىقى ۋە باشقا مەملىكەتلەردىكى ئالىملارنىڭ پەرەزلىرىدىن قارىغاندا، بۇ مۆلچەر مەلۇم ئىلمىي ئاساسقا ئىگە. مەسىلەن، 1979-يىلى



كۇۋەيتتە چىقىدىغان «ئەرەب نېفىتى» ژۇرنىلىنىڭ 7-ئايلىق سانىدا خەۋەر قىلىنىشىچە، ئىراقتا غايەت زور نېفىت زاپىسى تېپىلىپ، ئىراقتىكى نېفىت زاپىسى بىر باراۋەر كۆپەيگەن. يەنى 4 مىليارت 400 مىليون توننىدىن 8 مىليارت 800 مىليون توننىغا يەتكەن. غەربىي گېرمانىيىدە چىقىدىغان «ئىقتىسادىي ھەپتىلىك گېزىتى»نىڭ 1979-يىل 7-ئاينىڭ 23-كۈنىدىكى ماقالىسىدا: "يىراق شەرقتە غايەت زور نېفىت زاپىسى ئۇخلاپ ياتماقتا. جەنۇبىي جۇڭگو دېڭىزىدىكى نېفىت زاپىسىنىڭ ئۆزىلا پۈتۈن دېڭىز ئاستىدىكى نېفىت زاپىسىنىڭ تۆتتىن بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ" دەپ كۆرسىتىلدى. كانادالىق بىر قېزىپ تەكشۈرۈش مۇتەخەسسىسى: "پەۋقۇلئاددە زور نېفىتلىكلەرنى تاپىدىغان دەۋر تېخى ئۆتۈپ كەتمىدى. شىمالىي قۇتۇپ قۇرۇقلۇق ھاۋزىسىدا، ئامېرىكىغا قاراشلىق ئاتلانتىك ئوكيان دېڭىزى ئاستىدا ۋە شەرقىي-جەنۇبىي ئاسىيانىڭ دېڭىز رايونىدا تامامەن ياخشى مەنزىرە تۇرۇپتۇ" دەپ ھېسابلىغان.

ئوتتۇرا شەرقتىكى نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى چېكىگە يېتىپ قالاي دەپ تۇرغان ھازىرقى ۋاقىتتا، ئاسىيادىكى، جەنۇبىي-شىمالىي قۇتۇپتىكى ۋە چوڭقۇر دېڭىزدىكى نېفىت بايلىقى تېخى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانمىدى ۋە ئېچىلمىدى. دېمەك، يېڭى ئېنېرگىيە مەنبەسى نېفىتنىڭ ئورنىنى بېسىپ ئاساسلىق ئېنېرگىيە مەنبەسى بولۇپ قېلىشتەك مەنزىرە تېخى غۇۋا تۇرىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، نېفىت دۇنيادىكى مۇھىم ئېنېرگىيە مەنبەسى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. لېكىن، نېفىت ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن تەمىنلەش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ناھايىتى زور پەرق بولغانلىقى ئۈچۈن، نېفىت يېتىشمەسلىكتەك ۋەزىيەتنى بىرنەچچە ئون يىل ئىچىدە ئوڭشاپ كېتىش تەس.

# قۇملۇقتىكى بايلىق

مۇشۇ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن بۇيان، قۇملۇقنى
ئېچىش نۇرغۇن مەملىكەتلەر، بولۇپمۇ ئۇچىنچى دۇنيا ئەللە-
رى ئەھمىيەت بېرىۋاتقان مەسىلە بولۇپ قالدى. تەبىي شا-
رائىتتىن ئېيتقاندا، پۈتۈن دۇنيادىكى ئېچىشقا بولىدىغان
يەرلەرنىڭ كوپ قىسمى ئورمانلىقلار، ئوتلاقلار ۋە قۇملۇق
رايونلارغا جايلاشقان. ئورمانلىق ياغاچ ماتېرىياللىرىنى يې-
تىشتۈرىدىغان بازا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ سۇ مەنبەلىرىنى ساق-
لاپ قالىدۇ. بۇ يەرلەرنى خالىغانچە ئاچقاندا، تەبىي شارا-
ئىتنىڭ قىسمەن ناچارلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئوتلاق-
لاردا هازىر چارۋىلار ئۈچۈن ئومۇمى يۈزلۈك ئوتلاق يېتىش-
مەيدۇ. تېخى سۇنئى يەم ـ خەشەك بازىلىرىنى قۇرۇشقا توغرا
كېلىدۇ، بۇ يەرلەرنى ئېچىش يولى بىلەن ئوتلاق كولىمىنى
تارايتىۋېتىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. قۇملۇقلارنىڭ تەبىي شارا-
ئىتى ناچار بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەرلەردە مول تەبىي بايلىق-
لار بار. شۇ سەۋەپتىن، پۈتۈن دۇنيادىكى مەملىكەتلەر قۇم-
لۇقلارنى ئېچىشقا كوز تىكمەكتە.

## قۇملۇقلاردىكى يەر ئاستى سۇ بايلىقى

پۈتۈن دۇنيادىكى قۇملۇقلاردا مول سۇ مەنبەلىرى
ساقلانماقتا.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

مىسىردىكى نىل دەرياسى ـــ دۇنيادىكى قۇملۇقلاردا پاي-
دىلىنىشقا بولىدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەر يۈزىدىكى سۇنىڭ زور
سۇ بايلىقى ھىساپلىنىدۇ. مىسىردىكى ئەمگەكچى خەلقلەر قە-
دىمدىن بۇيان ئامۇ دەرياسىنىڭ سۈيىنى قارا قانىلىغا باش-
لاپ كېلىپ، قانال سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان يەرلەردە
قۇملۇقنىڭ قىياپىتىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتتى. ئامېرىكا
ئامېرىكىنىڭ غەربىي ـ جەنۇبىدىكى قۇملۇقتا كالىفورنىيە تەرەپ-
تىكى تاغ چوققىلىرىغا چۈشكەن قار ـ يامغۇرلارنى نۇرغۇن
كوللەرگە توپلاپ، ئۇزۇن مۇساپىلىق ئۆستەڭلەر ئارقىلىق
جەنۇپتىكى ماھابىي قۇملۇغىنى سۇغىرىشنى لايىھىلىگەن. قۇم-
لۇقلاردا ياشاۋاتقان كىشىلەر سۇغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن مىڭ-
لىغان يىللار كۈرەش قىلىپ، قۇملۇقلار تېگىدە ئۇخلاپ يات-
قان نۇرغۇن يەر ئاستى سۇلىرىنى ئاخىر تېپىپ چىققان. دەسلەپ-
كى مولچەرلەرگە قارىغاندا، پۈتۈن دۇنيادىكى قۇملۇقلار ئاستىدا
400 تىرلىيون كۇپمېتىر سۇ زاپىسى بار ئىكەن. ئافرىقا
قىتئەسىدىكى سەھرايى كەبىردە ساقلىنىۋاتقان يەر ئاستى
سۈيىنىڭ ئومۇمى مىقدارى تەخمىنەن 50 تىرلىيون كۇپمې-
تىر كېلىدۇ. سەھرايى كەبىر ئاستىغا جەمى ئۈچ سۇ قاتلى-
مى كەڭ تارالغان، سەھرايى كەبىرنىڭ شەرقىدە، مىسىردى-
كى سىناي يېرىم ئارىلىدىن تا ئەرەپ يېرىم ئارىلىدىكى قۇم-
لۇقلار ئاستىغىچە، سەھرايى كەبىرنىڭ جەنۇبىدىن تاكى چاد
كولى ۋادىسىغىچە بولغان يەر ئاستىدا نۇبىيە شېغىل قاتلىمى
بولۇپ، ئالدىنقىسىدا ئارتېزان قۇدۇغىدىن چىقىدىغان سۇ
مىقدارى ھەر بىر سېكۇنتتا 2 مىڭ گالوندىن 3 مىڭ گالون-
غا يېتىدۇ.
مىسىرنىڭ غەربىدىكى توۋەن قۇملۇق دائىرىسىدە نۇ-

بىيە شېغىل قاتلىمىدىن سۇ چىقىرىپ سۇغىرىش ئارقىلىق يەر ئېچىلدى. 1968 - يىلىغىچە 20 مىڭ گېكتار بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلدى ھەمدە ئۇنى 50 مىڭ گېكتارغا يەتكۈزۈش پىلانلاندى. بۇ يەردە ئېچىلغان يەر كۆلىمىنى دۇنيا بويىچە ئېچىلغان قۇملۇقلار ئىچىدە خېلىلا زور دەپ ھېساپلاشقا بولىدۇ. غەرپتىكى قۇملۇقلاردا سۈپەتلىك پاختا ۋە قوغۇن-قاپاق، كۆكتات ئىشلەپچىقىرىلىدىغان سانسىز كۆكۈل مەيدانلار بارلىققا كېلىپ، مىسىرنىڭ غەربىدىكى دەشت-باياۋانلارغا يېڭى ھۆسۈن قوشۇلدى!

ئاۋسترالىيىنىڭ شەرقىدە كاتتا ئارتىزان قۇدۇق ئويمانلىقى بار. 1960 - يىلدىن بۇيان تەپسىلىي تەكشۈرۈش ئارقىسىدا، بۇ كاتتا ئارتىزان قۇدۇقنىڭ بور دەۋرىدىن قالغان قۇم-شېغىل قاتلىمىدا، سۇ تەركىۋىدە ئازراق تۇز تەركىۋى بارلىقى، ئۇنى يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىشكە ئانچە مۇۋاپىق بولمىسىمۇ، ئەمما، مال سۇغىرىشقا تامامەن بولىدىغانلىقى ئېنىقلانغان. ھازىر، ئاۋسترالىيە قۇملۇقلىرىدىكى نۇرغۇن ئوتلاقلار ئارتىزان قۇدۇقنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىپ، چارۋىچىلىق راۋاجلاندۇرۇلماقتا.

كارىز—قۇملۇقلاردىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھەرلىرىدىن بىرى. قۇملۇق رايونلاردىكى ئېگىز تاغلاردا باھاردا قار ئېرىگەندە ياكى يازدا قاتتىق يامغۇر ياققاندا، يۇقۇرى ئېقىمدىكى سۇلار دەريا قىنىنى بويلاپ تۆۋەنگە ئېتىلىپ ئاقىدۇ.

قۇملۇقلاردىكى خەلقلەر شېغىل تاشلار ئارىسىدىن تۆۋەنگە ئېقىۋاتقان قار سۈيى بىلەن كەلكۈن سۇلارنى ئۇستىلىق بىلەن توساپ يەر ئاستىدىكى ئېرىققا باشلايدۇ، مانا



بۇ، كارىز دەپ ئاتىلىدۇ. ئېرىق يالپاق تاشلار بىلەن ياسىلىدۇ، بەزى جايلىرىنىڭ ئېگىزلىكى بىر مېتىرلا كېلىدۇ. بۇ ئېرىق تەبىي قىيپاش بولۇپ، سۇنى ئېتىزغا باشلاش ناھايىتى ئوڭاي. مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى تۇرپان ئويمانلىقىدا ھەر يىلى كارىز ئارقىلىق 1 مىليارت 600 مىليون كۇپ-مېتىر سۇ باشلىنىدۇ، سۇنىڭ سۈپىتى ئىنتايىن ياخشى بولۇپ، يەرلىك خەلقلەر ئۇنى شەربەت سۇ دەپ ئاتايدۇ. چۆل-باياۋاندىكى ئىلگىرى ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدىغان يەرلەردە، كارىز سۈيىگە تايىنىپ سۇغىرىش ئارقىسىدا، تەملىك قوغۇن-قاپاق ۋە كۆكتاتلار ئۆسمەكتە.

دۇنيا بويىچە قۇرغاق قۇملۇقلار ئىچىدە، ئىراندا قېزىلغان كارىزلارمۇ جاھانغا مەشھۇر، كارىزنىڭ ئەڭ ئۇزۇنلىرى 80 كىلومېتىر كېلىدۇ. سەھرايى كەبىردىكى كارىزلار يەرلىكلەر ”ۋادا“ دەپ ئاتايدىغان كەڭ دەريا قىنلىرىدا كولانغان. كارىز سۈيىدە خورمازارلىقلار، باغلار، زىرائەتلەر سۇغىرىلىپلا قالماي، ئۇنى ئادەم ۋە ماللارمۇ ئىچىدۇ. كارىز شىمالىي ئافرىقىدا ناھايىتى كۆپ، غەرپتە ماراكەشكىچە، شەرقتە تۇنىسقىچە يېيىلغان. ئەرەپ يېرىم ئارىلىدىكى قۇملۇقلاردا، ئافغانىستان ۋە جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى ئاتاكاما قۇملۇقىدىمۇ نۇرغۇن كارىز كولاندى، بۇ كارىزلارنى كولاشتا كىشىلەر سىڭدۈرگەن غايەت زور ئەمگەك ۋە ئىشلەتكەن ئەقىل-پاراسەت كىشىنى راستلا ھەيران قالدۇرىدۇ!

قۇملۇقلاردا چوڭقۇرلۇقى 1 مېتىردىن 10 مېتىرغىچە بولغان يۈزە قاتلامدىمۇ سۇ بولۇپ، دائىم ئازگال جايلارغا چىقىپ قالىدۇ. قۇملۇقتىكى كىشىلەر ئىلگىرى كۆپىنچە مۇشۇ قاتلامدىن قۇدۇق قېزىپ كەلگەن. بۇ يەردىن چىققان سۇ

نىڭ سۈپىتى ياخشى، ئەمما مىقدارى ئانچە كۆپ ئەمەس. بەزى جايلاردا ئادەم ۋە چارۋا ماللارنىڭ ئىچىشىگە ۋە كۆكتات، قوغۇن-قاپاقلارنى سۇغىرىشقا يېتىدۇ.

## قۇملۇقتىكى ئۆسۈملۈك بايلىقى

قۇملۇقلاردىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئوزۇقلۇق ماددىلار ۋە خىمىيىلىك بىرىكمىلەر — ئاقسىل ماددىسى، شېكەر، ياغ ۋە بىئولوگىيىلىك شۆلتا قاتارلىقلار خېلى كۆپ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياخشى ئوت-چۆپ ھېسابلىنىدۇ. غەللە پۇرايدىغان ئەمەننى قوي يېسە سەمرىدۇ. لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئاتاكاما قۇملۇقىدىكى "تاماروك" دەپ ئاتىلىدىغان ئوت قېلىنلىقى بىر مېتىر كېلىدىغان شورنى تېشىپ ئۈسىدۇ، ئۇ شورغا ناھايىتى چىداملىق بولۇپ، يىل بويى چارۋا مال يەيدىغان يەم-خەشەك بولۇپ قالغان. قۇملۇقلاردا ئوت-چۆپتىن باشقا، يېگىلى بولىدىغان ئۆسۈملۈكلەرمۇ ناھايىتى كۆپ، مەسىلەن، مەملىكىتىمىزدىكى قۇملۇقلاردا بولىدىغان جىگدىنى ئالساق، ئازاتلىقتىن ئىلگىرى كەمبەغەل دىخان، تۆۋەن ئوتتۇرا دىخانلار ئۇنى ئوزۇق قىلاتتى. ھەر خىل چاكاندىلارنىڭ ئۇرۇقىدا ئۇن تارتىپ، بۇغداي ئۇنى ياكى كۆممىقوناق ئۇنىغا ئارىلاشتۇرۇپ يېيىپ ئاش ئەتسە ھەم تەملىك بولىدۇ، ھەم قوساقتا تۇرىدۇ، يەر مەدىكىدىنمۇ كىراخمال چىقارغىلى بولىدۇ. ئامېرىكىدىكى قۇملۇقلاردا ئۆسىدىغان چوڭ كاكتۇسنىڭ مېۋىسىنى ھىندىيانلار ئاساسىي ئوزۇق قىلىدۇ، ياۋا كەندىرنىڭ يوپۇرمىقى بىلەن ئۇنىڭ سۆلۈك يوپۇرماق ساپىقىنى ھىندىيانلار كۆكتات ئورنى-



دا ئىشلىتىدۇ، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى ئاق ۋە يۇمشاق بولۇپ، لوبو ئورنىدا يېيىشكە بولىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى قازاقىستاندا يەرلىك خەلقلەر قامغاقتىن گاگىپەن دەملەپ يەيدۇ، قامغاقتىن ياغ چىقارغىلى، نان ئەتكىلى ۋە دىيەنشىن ياسىغىلىمۇ بولىدۇ.

قۇملۇقلاردىكى ياۋا ئۆسۈملۈكلەر ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ بەزىلىرىدىكى تالا سانائەتنىڭ مۇھىم خام ئەشياسى. مەملىكىتىمىزدىن چىقىدىغان لوپ كەندىرى گەنسۇدىكى خېشى كارىدورىدىن تارتىپ شىنجاڭ، چىڭخەيدىكى سەيدام ئويمانلىقىغىچە بولغان شورلۇقلارغا تارقالغان بولۇپ، ئۇ سوغاققا، قۇرغاقچىلىققا، شۇنداقلا شور ۋە يۇقۇرى ھارارەتكە چىداملىق كېلىدۇ، ئۇ كۆپ يىللىق ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، تالاسى ئىنچىكە، ئۇزۇن، ئەۋرىشىم، يۇقۇرى دەرىجىلىك تالالىق خام ئەشيا ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن سىلىق، كۆركەم رەختلەر توقۇلىدۇ، بېلىق تورى توقۇشقىمۇ، ئاياق-كىيىم يىپلىرىنى ئىگىرىشكىمۇ بولىدۇ. ئامېرىكا ۋە مېكسىكا قۇملۇقلىرىدىكى لۆكشىلەن بەلەن شياۋسىلەندىنمۇ سۈپەتلىك تالا چىقىدۇ. قۇملۇقلاردىكى چىغ، قومۇش ۋە پىلەك ئوتلارنىڭ ھەممىسى قەغەزچىلىكنىڭ خام ئەشياسى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھەرقايسى مەملىكەتلەر قۇملۇقلاردىكى ئۆسۈملۈكلەر ئۈستىدە نۇرغۇن خىمىيىلىك ئانالىز ئېلىپ بېرىپ، بۇلار ئىچىدە ئاچچىقسۇ، ھاراق چىقىرىش سانائىتىنىڭ خام ئەشياسى ئاز ئەمەسلىكىنى تېپىپ چىقتى. مەملىكىتىمىزنىڭ خېشى كارىدورىنىڭ شەرقىدىكى قۇملۇقلاردا ئۆسىدىغان ئاق ئوغرى تىكەن ئەنە شۇلاردىن



www.uyghurkitap.com

بىرى. ئامېرىكىنىڭ غەربىي - جەنۇبىي بىلەن مېكسىكا چېگرىسى ئارىلىغىدىكى قۇملۇقلاردا جىبىرايىما ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇ ئاتتى ئوكسىدىنىڭ قىممەتلىك مەنبەسى. دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان بۇ چاتقالنىڭ ياپرىقىدىن چىقىرىلغان بىر خىل كىسلاتا ياغنى سېسىق پۇرىمايدىغان قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ پۇرىقىنى ئۆزگەرتمەيدۇ، كالا سۈتىنى ئوكسىدلاشتۇرمايدۇ، ئۇ خەلقارا بازاردا قىممەتلىك تاۋار ھېسابلىنىدۇ. بۇ چاتقالنىڭ تۇرغان - پۈتكىنى گوھەر بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئاجرىتىۋېلىنغان سۇيۇقلۇقتىن سىر چىقارغىلى، قالغان غەلدى - غەشتىلىرىنى سۈپەتلىك يەم - خەشەك قىلغىلى بولىدۇ. ياۋا كەندىر ھىندىستانلار ياخشى كۆرىدىغان كوكتات بولۇش بىلەنلا قالماي، ئۇنىڭدىن تاننىن چىقىرىۋالغىلىمۇ بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا، ئامېرىكا ۋە مېكسىكا قۇملۇقلىرىدا ئۆسىدىغان، كۆمۈشرەڭ يىلىم كاسىنىسى دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل كۆلرەڭ چاتقال بار، ئۇنىڭ يىلىم تەركىۋى ھۆجەيرە ئىچىدە بولىدۇ. بۇنىڭدىن چىقىدىغان يىلىم كاۋچۇك دەرىخىدىن چىقىدىغان يىلىمگە ئوخشاشلا تازا بولىدۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇنى تەبىي كاۋچۇكتىن ئاجرىتىۋېلىش تەس. كۆمۈشرەڭ يىلىم كاسىنىسىنىڭ قۇملۇقلاردا بولىدىغان بىر خىل كاۋچۇك مەنبەسى بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى بار.

## قۇملۇقلاردىكى كان بايلىقلىرى

قۇملۇقلاردىكى كان بايلىقلىرىنىڭ تۈرى كۆپ، زاپاس مىقدارىمۇ ناھايىتى مول، دۇنيا قۇرۇقلۇقىدىكى نېفىتنىڭ



كۆپ قىسمى قۇرغاق ۋە يېرىم قۇرغاق قۇملۇق رايونلاردا. ئەرەپ قۇملۇقىغا جايلاشقان سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ نېفىت زاپىسى دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. سەئۇدى ئەرەبىستاندا، نېفىتتىن باشقا، تەبىي گاز زاپىسىمۇ ناھايىتى نۇرغۇن.

سەھرايى كەبىردىمۇ نۇرغۇن نېفىت ۋە تەبىي گاز زاپىسى بار. بۇنىڭغا تەۋە لىۋىيە قۇملۇقىدا نېفىت زاپىسى ھەممىدىن كۆپ، لىۋىيە ئافرىقا بويىچە نېفىت ئەڭ كۆپ ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مەملىكەت، ئۇنىڭ نېفىت ئېكسپورتى ئومۇمىي ئېكسپورتنىڭ 99 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. سەھرايى كەبىرگە تەۋە بولغان ماراكەش، ئالجىرىيە، تۇنىس، مىسىر قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىدە نېفىت ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى نېفىتنىڭ كۆپىنچە قۇملۇق رايونلاردىن چىقىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مايلىق سىلانىسىمۇ كۆپىنچە قۇملۇق رايونلاردىن تېپىلغان.

دۇنيادىكى مەشھۇر چوڭ كۆمۈر كانلىرى قۇملۇقلاردا بولمىسىمۇ، قۇملۇقلاردىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك كۆمۈر كانلىرىنىڭ تارقىلىشى ئاندا - ساندا بولسىمۇ، ئەمما زاپاس مىقدارى ئاز ئەمەس. مەملىكىتىمىزدىكى مۇئۇس قۇملۇقىنىڭ شەرقىي - شىمالى ۋە شەرقىي - جەنۇبىدىن چىقىدىغان ئوچاق كۆمۈرى ناھايىتى داڭلىق، بولۇپمۇ يىخجۇ ئايمىقى تۇرۇشلۇق جاي دۇڭشىڭدىن چىقىدىغان ئوچاق كۆمۈرى ناھايىتى تېز تۇتىشىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى موڭغۇل رايونىنىڭ ئۇدا شەھىرىدىكى كۆمۈرنىڭ سۈپىتى

خېلى ياخشى بولۇپ، سانائەتتە ئىشلىتىلىدۇ، مانا شۇ كومۇرمۇ قۇملۇقتىن چىقىدۇ.

قۇملۇقلاردا مول مېتال كانلىرىمۇ بار، بولۇپمۇ ئاز ئۇچرايدىغان بەزى مېتال كانلىرى، مەسىلەن، سەھرايى كەبىردىكى ئۇران كانلىرى، ئاۋستىرالىيە قۇملۇقىدىكى ئۇران كانلىرىنىڭ ھەممىسى مەشھۇر كانلاردىن بولۇپ، مەھسۇلاتى ناھايىتى يۇقۇرى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بالقاش كۆلى بويىدىكى جەزىرىدە ھازىر مىس تاۋلاش زاۋۇدى قۇرۇلدى. دۇنيادىكى نۇرغۇن چوڭ مىس كانلىرىمۇ قۇملۇق رايونلارغا تارقالغان. مەسىلەن، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى چىلىنىڭ شىمالىدىكى ئاتاكاما قۇملۇقىدىن مىس ۋە كالىي سېلىتراسى كۆپ چىقىدۇ، ئۇلارنى قېزىش شارائىتىمۇ ئىنتايىن ياخشى، مەسىلەن، چىلىدىكى چۇكىكاماتا مىس كېنى ئۇستى ئوچۇق كان. مىس رۇدىسى چىلىنىڭ ئاساسلىق ئېكسپورت ئەشياسى ھېساپلىنىدۇ. ئامېرىكىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى قۇملۇقتىمۇ سانائەتكە كېرەكلىك مىس چىقىدۇ. بۇلاردىن باشقا كان مەھسۇلاتلىرى مەسىلەن، مانگان، تۆمۈر، خروم ۋە كوبالتلارمۇ باشقا قۇملۇقلاردا بار. غەيرى مېتال مەھسۇلاتلىرى، مەسىلەن، فوسفور رۇدىسى، فوسفات كىسلاتا تۇزى، گۈڭگۈرت پوقى، كالىي تۇزى، بور، ئاشتۇزى، مىرابىلىت ۋە ناترىي ھىدرو ئوكسىدى دۇنيادىكى چوڭ قۇملۇقلاردا ھەددى - ھېساپسىز. مەسىلەن، ئالجىرىيەنىڭ فوسفور رۇدىسى، ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى قۇملۇقلاردىن چىقىدىغان فوسفات كىسلاتا تۇزى. مەملىكىتىمىزدىكى مەشھۇر جىلانتاي تۇز كۆلى نىڭشيادىكى



ئۇلامبۇغ قۇملۇقىدا. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كاسپىي دېڭىز ئويمانلىقىدىن تېپىلغان تۇزلۇق ياغمۇرنىڭ نەشىرىگە زادى ئۇچرىمايدۇ، مەھسۇلاتى ھەممىشە يۇقۇرى. كاسپىي دېڭىز ئويمانلىقىدىن تۇزلۇقتىن تاشقىرى، بور كىسلاتاسى كېنىمۇ تېپىلدى.

## قۇملۇقتىكى يېڭى ئېنېرگىيە مەنبەسى

قۇملۇقتا ئۇزاق يول يۈرۈپ، ئاپتاپ ۋە قۇم ئازاۋىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، كىشى راھەتلىنىپ يۇيۇنۇۋېلىشنى قانچە ئارزۇ قىلىدۇ - ھە. قۇملۇقتا ئەنە شۇنداق ھاماملارنى تېپىش مۇمكىن، بۇ ئەسلىدە قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىپ قۇرۇلغان ئالاھىدە ۋە ئاجايىپ ھاماملاردۇر.

بىز ياشاۋاتقان يەر شارى قۇياشتىن يىلىغا $6 \times 10^{17}$ كىلوۋات/سائەت قۇۋۋەت ئالىدۇ، قۇياش نۇرى ئېنېرگىيىسى ھەر بىر 100 كۇۋادرات مېتىر يەرگە چۈشكەندە ھاسىل بولغان ئېنېرگىيە سائىتىگە 558 كىلوۋات ئېلېكتىر كۈچىگە تەڭ كېلىدۇ؛ 700 كىلوگىرام كومۇر ياكى 500 لېتىردىن ئوشۇق بېنزىنغا تەڭ كېلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ 5 پىرسەنتىدىنلا پايدىلىنىلسا، قۇياش نۇرى 100 كۇۋادرات مېتىر يەردە سائىتىگە 28 كىلوۋات ئېلېكتىر كۈچى ھاسىل قىلالايدۇ، ئەپسۇسكى، ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان، بۇنىڭدىن پەقەت يېشىل ئۆسۈملۈكلا پايدىلىنىپ كەلدى، ئومۇمەن ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى بىر پىرسەنتكە يەتكەن ۋاقىتلار ناھايىتى ئاز بولدى، شۇڭا،

كىشىلەر بىر ئامال قىلىپ ئۇنىڭدىن توغرىسىدىن - توغرا پايدىلىنىش كويىدا بولماقتا. ھازىر، قۇملۇق رايونلاردىكى قۇياش ئېنېرگىيىسى ھاماملىرىغا ئىسسىق سۇ ئەمەلىيەتتە سۇنى قۇياش نۇرى بولغان ئىسسىتقۇچى ئەسۋاپلاردا ئىسسىتىش يولى بىلەن يەتكۈزۈلىدۇ.

مۇشۇ قائىدىگە ئاساسەن بىر جەزمەن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى، قۇياش يورۇتىدىغان يەر يۈزىنىڭ دائىرىسى چوڭلا بولىدىكەن، يەر يۈزىگە يېتىپ كېلىدىغان قۇياش ئېنېرگىيىسى كۆپ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر يىل ئىچىدە ھاۋا ئوچۇق كۈنلەر كۆپ بولسا، يەرگە يېتىپ كېلىدىغان قۇياش ئېنېرگىيىسىمۇ كۆپ بولىدۇ، قۇملۇق رايونلاردا دائىم ھاۋا ئوچۇق ۋە بۇلۇتسىز بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇملۇقلار كۆپىنچە يەر شارىدىكى تۆۋەن پاراللېل جايلارغا تارالغانلىقى ئۈچۈن، قۇياش ئېنېرگىيىسى ھاماملىرىنى قۇملۇق رايونلاردا يىلىغا 300 كۈن ئاچقىلى بولىدۇ، ئېگىز پاراللېللاردا بولسا، ئاران يۈز نەچچە كۈن ئاچقىلى بولىدۇ!

سۇ يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئىسسىتقۇچ بىلەن ئىسسىتىلغاندا، سۇنىڭ ھارارىتى ئومۇمەن يۇقۇرى بولمايدۇ، چۈنكى ئەينەكتىن كۈن نۇرىلا ئۆتىدۇ، ئەمما، قۇياش نۇرىنى بىر نۇقتىغا يىغقىلى بولمايدۇ، ئىسسىقلىق كۆپ تارقىلىپ كېتىدۇ، ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئۈنۈمى تۆۋەن بولىدۇ. شۇڭا يېقىندىن بۇيان قۇياش نۇرىنى ھەر خىل ئوپتىك ئەينەكلەر بىلەن، مەسىلەن، پارابو يۈزلۈك ئوپتىك ئەينەك، تۈۋرۈكسىمان پارابو يۈزلۈك ئوپتىك ئەينەك، سىلىندىرسىمان ئوپتىك ئەينەك قاتارلىقلار بىلەن يىغىش



ئۇسۇلى كەڭ قوللىنىلماقتا. قۇياش قۇۋۋىتىنى ئوپتىك ئەينەك بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش يولى ئارقىلىق يىغىپ، ئاندىن پار قازىنىغا يەتكۈزگىلى بولىدۇ. بۇنداق قىلغاندا ئىسسىقلىقنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىنى ئازايتىپلا قالماي، ئۈسكۈنىلەرنىمۇ ئەپچىللەشتۈرگىلى بولىدۇ.

قۇملۇق رايونلاردا قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن ھاماملاردىلا پايدىلىنىپ قالماي، قايناقسۇ قايناتقىلى، تاماق پىشۇرغىلىمۇ بولىدۇ، بۇنداق بولغاندا قۇملۇق رايونلاردا يېقىلغۇلارنى كۆپلەپ تېجەپ قالغىلى بولىدۇ. شۇڭا، قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىش توغرىسىدىن - توغرا ئۆسۈملۈك يىپىنچىلىرىنى ئاسراش، قۇملارنىڭ كۆچۈشىدىن ساقلىنىش رولىنىمۇ ئوتەيدۇ.

مەملىكىتىمىزدىكى قۇملۇق رايونلاردا قۇياش ئوچىقىدا سۇ قاينىتىش، تاماق پىشۇرۇش ئۇسۇلى كېڭەيتىلمەكتە. غەربىي ئاسىيا رايونىدا قۇياش ئوچىقى كەڭ - كۆلەمدە ياسالماقتا. قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىپ پار ماشىنىسىنىمۇ ياسىغىلى بولىدۇ، قۇياش ئېنېرگىيىسى بىلەن ماڭدىغان بىر پار ماشىنىسى بىر سۇ پومپىسىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ سۇ چىقىرالايدۇ. قۇياش ئېنېرگىيىسى بىلەن ماڭدىغان بىر سۇ پومپىسى 20 مېتىر چوڭقۇر قۇدۇقتىن سائىتىگە 300 كىلوگرامدىن 400 كىلوگرامغىچە سۇ چىقىرالايدۇ.

قۇياشتىن ئىبارەت بۇ غايەت زور ئېنېرگىيە مەنبەسىدىن يەنە سوغاق ھاۋا ھاسىل قىلىپ، ئۆيىنىڭ ھاۋاسىنى تەڭشەپ تۇرغىلى بولىدۇ. ئوتتەك قىزىپ تۇرغان قۇياشتىن پايدىلىنىپ ئۆيىنىڭ ئىچكى شارائىتىنى ئۆزگەرتىش يولى

www.uyghurkitap.com

بىلەن ئۇنى سالقىن، كىشى ھۇزۇرلىنىدىغان ئۆيگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىپ مۇز توڭلاتقىلىمۇ بولىدۇ. قۇرغاق قۇملۇق رايونلاردا مۇزدىن سوغاق ئىچىملىكلەرنى ياساش نەقەدەر زورۇر ئىش - ھە! ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇملۇق رايونلاردىكى تۇزلۇق سۇنى توڭلىتىش يولى بىلەن تاتلىق سۇغا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. تۇزلۇق سۇ توڭلىتىلغاندىن كېيىنلا تاتلىق سۇغا ئايلانمايدۇ، مۇزدا تېمىم - تېمىم كۆپۈكچىلەر قالىدۇ، ئەمما مۇز ئېرىگەندە بۇ كۆپۈكچىلەر گويا مۇز ئېرىۋاتقاندەك، ئاۋال ئېقىپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ سۇ تاتلىق سۇغا ئايلىنىدۇ.

قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىش جەھەتتىكى كەمچىلىك ئۇنىڭ ئىزچىللىقسىزلىقىدىن ئىبارەت، كېچىلىرى ياكى بۇلۇتلۇق كۈنلەردە ئۇنىڭدىن پايدىلانغىلى بولمايدۇ. ئەمما، قۇياش ئېنېرگىيىسىنى پار ماشىنىسىغا كۈندۈزى قۇياش ئېنېرگىيىسىنى ئىشلىتىپ، كېچىسى ئوتۇن، كۆمۈر ياكى نېفىتنى يېقىلغۇ قىلىشقا بولىدۇ. ئامېرىكىنىڭ يېڭى مېكسىكا ئىشتاتىدىكى كان رايونىدا، كۈندۈزى قۇياش ئېنېرگىيىسى بىلەن توك چىقىرىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىپ يەر يۈزىدىن 6 — 7 مېتىر ئېگىزلىكتىكى كۆلچەككە سۇ چىقىرىدۇ، كېچىسى مۇشۇ كۆلچەكتىكى سۇدىن پايدىلىنىپ دىنامونى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ. ھىندىستاندا كۆپ ئەينەكلىك قۇياش ئېنېرگىيىسى بىلەن ئىسسىتقۇچى لايىھىلەندى، ئەينەكنىڭ يۈزى تۈز بولىدۇ، ھەر بىر ئەينەكنىڭ ئۆز ئالدىغا جازىسى بولىدۇ، ھەر قايسى



تەرەپلەردىكى ئەينەك قۇياش نۇرىنى بىر نۇقتىغا جۇغلاشتۇ-رۇپ بېرىدۇ، بۇ ئىسسىتقۇچ بىر دىنامونى توك بىلەن تەمىنلەيدۇ.

قۇملۇقلاردىكى قارا بوراننىڭ زىيانلىق تەرەپلىرى بولسىمۇ، ئەمما ئەمگەكچى خەلق بۇرۇنلا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ شامال تۈگمەنلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرگەن. قۇملۇق رايونلاردا شامال سۈرئىتى ھەمىشە تېز بولىدۇ، ئادەتتە 8 كۇۋادرات مېتىر ئەتراپىدىكى دائىرىدە 20 ئات كۈچىگە ئىگە شامال كۈچى ھاسىل قىلالايدۇ، بۇ ئارقىلىق چاقپەلەك بىلەن سۇ چىقارغىلى بولىدۇ. دۇنيا - دىكى نۇرغۇن قۇملۇقلاردا، شامال كۈچى بىلەن سۇ چىقىرىش ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ قالدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، شامال كۈچىدىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىش خېلى تەرەققىي قىلغان ئىدى. ھازىر تەرەققىي قىلىپ ئىككى خىل كۆلەمگە يەتتى، بىرىنىڭ كۆلىمى چوڭ، توك چىقىرىلغاندىن كېيىن بىۋاستە ئېلېكتىر تورلىرىغا يەتكۈزۈلىدۇ؛ يەنە بىرى، 10 كىلوۋاتتىن 100 كىلوۋاتقىچە بولغان دىنام ئىش - لىتىلىدۇ. كېيىنكىسى قۇملۇقلاردا ئىشلىتىشكە كۆپايە قىلىدۇ. كىشىلەر ئومۇمەن، شامال كۈچى بىلەن قۇياش ئېنېرگىيىسىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەتكەندە ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدۇ، دېگەنگە مايىل. لىۋاندىكى ترىپولىدا شامال كۈچى بىلەن قۇياش ئېنېرگىيىسىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىش - لىتىش يولى بىلەن ئاشتۇزى ئىشلەنمەكتە. شامال تۈز ئىشلەپچىقىرىش بىلەنلا قالماي، ئۇ نۇرغۇن پايدىلىق خىزمەتلەرنىمۇ ئۆتەيدۇ، ئەمما، قۇملۇقلاردىكى غايەت

زور شامال كۈچى نەچچە مىڭ يىل بىكاردىن - بىكار ئىسراپ بولۇپ كەتتى، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇنىڭ كۈچىدىن ناھايىتى ئاز پايدىلىنىلماقتا.

يۇقۇرىدىكى مۇھاكىمىدىن قۇملۇقلارنىڭ قاقاس - ھالا - كەت ماكانى ئەمەسلىكىنى كورۇۋالغىلى بولىدۇ! قۇملۇقلاردا تۈگىمەس - پۈتمەس بايلىق بار، ئۇلار كىشىلەرنىڭ ئېچىشى ۋە پايدىلىنىشىنى كۈتمەكتە.



# دېڭىز - ئوكيانلاردىكى مول جان - جانىۋارلار بايلىقى

دېڭىز - ئوكيانلار پۈتۈن يەر شارىنىڭ 71 پىرسەن - تىنى تەشكىل قىلىدۇ، دېڭىز سۈيى يەر شارىدىكى ئومۇمى سۇ مىقدارىنىڭ 97 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ بىپايان كەڭ دېڭىز - ئوكيانلاردا ئىنتايىن مول جان - جانىۋارلار بايلىقى بار. تەكشۈرۈلۈشىچە، يەر شارىدىكى جان - جانىۋارلار بايلىقىنىڭ 80 پىرسەنتى دېڭىز - ئوكيانلاردا ئىكەن. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، دېڭىز - ئوك - يانلاردا تەخمىنەن نەچچە يۈزمىڭ خىل ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەر بار ئىكەن، دېڭىز - ئوكيانلاردىكى ئۇششاق جان - جانىۋارلارنى ھېساپلاپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس، دېڭىز - ئوكيانلاردا ئاقسىل ماددىسى ۋە مىكروپقا قارشى دورا بولىدىغان جان - جانىۋارلار 300 مىڭ خىلدىن ئاشىدۇ، يېيىلىدىغان سۇ مەھسۇلاتلىرىدىن مورفولوگىيىلىك تەكپۈكلۈقنى بۇزمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ھەر يىلى 3 مىليارت توننىدىن كوپرەك ئالغىلى بولىدۇ. ئەمما، ئىنسانلار ھازىر ھەر يىلى ئۇنىڭ ئوتتۇزدىن بىر قىسمىنىمۇ تۇتالمايدۇ.

”دېڭىز - ئوكيان — ھاياتلىق بوشۇگى“. دېڭىز - ئوكيان شارائىتى ئەزەلدىنلا جان - جانىۋارلارنىڭ ئۆسۈشى، يېتىلىشى ئۈچۈن مۇۋاپىق بولۇپ كەلگەن.

دېڭىز - ئوكيانلاردا جان - جانىۋارلارنىڭ ياشىشى ۋە كۆپىيىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان سۇ تەركىۋى، تۇز تەركىۋى ۋە ھەرخىل ئوزۇقلۇق تۇز تەركىپلىرى بار. يۈز مىليون يىللاردىن بۇيان، دېڭىز - ئوكيانلاردا ھايات تورلىنىپ، بىخ سۈرۈپ ۋە تەرەققىي قىلىپ كەلدى، ئاددىي كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان دېڭىز - ئوكيان باكتېرىيىلىرىدىن تارتىپ، نەچچە ئون توننا كېلىدىغان سۈت ئەمگۈچى ھايۋاناتلارنىڭ تۈرى ئىنتايىن كۆپ ۋە خىلمۇ - خىل.

ئافرىقا پىلى قۇرۇقلۇقتىكى ئەڭ چوڭ ھايۋان، ئەمما، ئېكۋاتور رايونى بىلەن جەنۇبىي قۇتۇپقا يېقىن جايلاردا ياشايدىغان نىل كىت پىلدىن 30 ھەسسە چوڭ. كىت بېلىق ئەمەس، بەلكى دېڭىز - ئوكياندا ياشايدىغان ھايۋان. چوڭ كىتلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 نەچچە مېتىر، ئېغىرلىقى 100 نەچچە توننا بولۇپ، ئۇنىڭ تىلىلا ئىككى توننا كېلىدۇ. كىتنى ئۈنچىۋالا پالاكەت نەرسە دەپ قارىماسلىق كېرەك، ئۇ 3 مىڭ مېتىردىن چوڭقۇر سۇغا ناھايىتى چەبدەسلىك بىلەن شۇڭغۇيالايدۇ؛ سۇ ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن، نەچچە ئون مېتىر ئېگىزلىكتە پۈرقۈيدۇ، بۇ مەنزىرە ئىنتايىن كۆركەم كۆرۈنىدۇ. كىتنىڭ تۇرغان - پۈتكىنى گۆھەر. 120 توننا كېلىدىغان كىتتىن 30 تونىنىدىن 40 تونىنىغىچە ياغ چىقىدۇ، بۇ 1700 چوشقا يېغىنىڭ يىغىندىسىغا باراۋەر. كىتنىڭ گۆشى، ئۈستىخىنى، تېرىسى ۋە ئىچ باغرىدىن ھەر خىل نەرسىلەرنى ياسىغىلى ۋە ئۇنى سانائەتكە خام ئەشيا قىلغىلى بولىدۇ. ئەمما دېڭىز - ئوكياندا ياشايدىغان بۇ قىممەتلىك ھايۋان



www.uyghurkitap.com

ھازىر كۆپلەپ تۇتۇلۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن، كۆرۈنەرلىك ھالدا ئازىيىپ كەتتى.

بىر ھەر دائىم تىلىغا ئالىدىغان يۇسۇن بېلىقى ئەمەلىيەتتە، كىچىك كىت بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى ئومۇمەن 3 مېتىردىن 5 مېتىرغىچە كېلىدۇ، ئۇ ناھايىتى تېز ئۈزىدۇ، ئوكياندا توپ - توپ بولۇپ، بەزىدە 5 مىڭدىن ئېشىپ، بىر نەچچە چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتىكى قوشۇن بولۇپ ئۈزۈپ يۈرىدۇ. بىپايان ئوكياندا توپ - توپ يۇسۇن بېلىقلارنىڭ غازدەك غاقىلدىغان ئاۋازىنى ئاڭلاش مۇمكىن، شۇڭا كىشىلەر ئۇنى "دېڭىز غېزى" دەپمۇ ئاتايدۇ، يۇسۇن بېلىقنىڭ گۆشى تەملىك، تېرىسىدىن خۇرۇم چىققىلى بولىدۇ. سۈزۈك ئوكيان رايونىدا، خۇددى كۆز ئالدىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈۋاتقان ئوقيالاردەك، توپ - توپ بولۇپ ئۈزۈپ يۈرگەن يۇسۇن بېلىقلارنى كۆرگىلى بولىدۇ. يۇسۇن بېلىق ئۈزۈشكە ماھىر بولۇپلا قالماي، ئىنتايىن چاققان ۋە چەبدەس كېلىدۇ، ئەگەر تەربىيىلەنسە، ھەر خىل خەۋەرلەرنى يەتكۈزۈپ، ئىنسانلارنىڭ سۇ ئاستى مەشغۇلاتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

باھار يېتىپ كەلگەندە، ئىسسىق بەلۋاغ ۋە موتىدىل ئىسسىق بەلۋاغلاردىكى بوغازلار ۋە تېيىز دېڭىزلاردا يۇسۇن بېلىققا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل ھايۋاناتنى كۆرۈش مۇمكىن، ئۇ بەزىدە سۇ ئۈستىگە لەيلەپ چىقىپ، بەستىنى كۆتىرىپ قۇچىقىدىكى بالىسىنى ئېمىتىدۇ، بەزىلەر ئۇنى خاتا ھالدا "ئادەم بېلىق" دېيىشىۋالىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ ھايۋاننىڭ پەننىي نامى "دۇگۇن"، ئۇنىڭ ئۆزى سېمىز، بويىنى قىسقا، ھەركىتى ئىنتايىن جەسۇر.

بۇ ھايۋاننى يېگىلى بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭ يېغىنى بېلىق مېيى ئورنىدا ئىشلەتكىلىمۇ بولىدۇ.

شىمالىي تىنچ ئوكيان، شىمالىي مۇز ئوكيان، ئوتتۇرا دېڭىز ۋە جەنۇبىي ئاتلانتىك ئوكيانلاردا 18 خىل قىسمەتلىك تيۇلېن ياشايدۇ. بۇلار ئىچىدە گۈزەل بوغمىلۇق تيۇلېن، مىجەزى چۇس قاپلان تيۇلېن، بۇرنىنى كوپتۇرۇپ خالتا قىلىدىغان خالتا بۇرۇن تيۇلېنلار بار، ئۇزى چوڭ. تيۇلېنلارنىڭ پادىشاسى دەپ ئاتىلىدىغان پىل تيۇلېن قاتارلىقلارمۇ بار. جەنۇبىي قۇتۇپتا بىر خىل ھوكۇمران تيۇلېن بار، ئۇ سۇ ئۈزۈشكىلا ماھىر بولۇپ قالماستىن، نەچچە ئون مېتىر قېلىنلىقتىكى مۇزنى چىشى بىلەن تېشىپ مۇز ئۈستىگە سەكرەپ چىقىپ قۇشلارنى تۇتۇپ يېيىشكىمۇ ئۇستا. مۇز ئۈستىدە ياشايدىغان ۋېددېل تيۇلېنى مۇز قاتلىمىنى تېشىپ ئۆتكەندىن كېيىن، دەرھال 2 مىڭ مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى سۇ ئاستىغا شۇڭغۇپ چۈشۈپ 40 مىنۇت تۇرالايدۇ. تيۇلېننىڭ نەپەس ئەزالىرى كىتنىڭكىگە ئوخشاپراق كېتىدۇ، شۇڭا، سۇ ئاستىدا خېلى ئۇزاق ئۈزەلەيدۇ. تيۇلېنلار توپ - توپ بولۇپ ئۈزگەندە، ئەركەك تيۇلېن يول باشلاپ ناھايىتى ھەيۋەت بىلەن ماڭىدۇ. تيۇلېن خېلى يۇقىرى ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇ سەزگۈر بولغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ مۇقىم يولى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئالىملار تيۇلېنغا سىمسىز ئالاقە ئۈسكۈنىلىرىنى ئورنىتىپ، سۇغا قويۇپ بېرىدۇ ياكى چوكتۇرۇۋېتىدۇ. شۇ يول بىلەن سۈنئىي ھەمرا ئارقىلىق تيۇلېن توپلىرىنىڭ ئىزىنى قوغلاپ، ئۇلارنىڭ ئۈزۈش يولىنى ۋە يوتكىلىش



قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ.

ئاتلانتىك ئوكياندا دېڭىز تاشپاقىسى دېگەن يەنە بىر ئۆمۈلىگۈچى ھايۋان بار. ئۇ ھەر يىلى ئوكياندىكى كىچىك ئارالدا تۇخۇملىغاندىن كېيىن، ئارالدىن نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراق جايلارغا كېتىدۇ. 2 - 3 يىلدىن كېيىن، ئۇلار توپ - توغرا ئۆزى كەلگەن يول بىلەن كىچىك ئارالغا قايتىپ كېلىدۇ ھەمدە ئۆزى تۇخۇملىغان يەرنى تاپىدۇ. تەتقىق قىلىنىشىچە، دېڭىز تاشپاقىسى ئاسماندىكى يۇلتۇزلار تۈركۈمى ۋە ئۆزىگە خاس پۇراش ئىقتىدارى بويىچە يول تاپسا كېرەك. ئىلان بېلىق، تاشپاقا، سىيا بېلىق قاتارلىقلاردىمۇ مۇشۇنداق يول تېپىش ئىقتىدارى بار.

دېڭىز ھايۋانلىرىنىڭ تۈرى ناھايىتى كوپ. مەسىلەن، سەزگۈر، شوخ دېڭىز ئېيىقى، مۇز تاغدىكى دېڭىز پىلى، قەھىرلىك ئاق ئېيىق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى يۇقىرى ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە.

پايانسىز ئوكياننىڭ يۇقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن قاتلاملىرىنىڭ ھەممىسىدە بېلىقلار ياشايدۇ، ھەتتا 10 مىڭ مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى سۇدىمۇ بېلىقلار بار. پۈتۈن دۇنيادىكى دېڭىز - ئوكيانلاردىكى بۇ ئاجايىپ - غارايىپ بېلىقلارنىڭ تۈرى 25 مىڭ خىلدىن ئاشىدۇ، ئادەتتە كىشىلەر يەيدىغان بېلىقلار 1500 خىلغا يېتىدۇ. تىنچ ئوكياندا ياپىلاق - ئۇزۇن بېلىق، يوغان باش بېلىق، ساردىنى بېلىقى، مىڭتەييۈي بېلىقى، چيۇداۋيۈي بېلىقى قاتارلىقلار بولۇپ، دۇنيادىكى بېلىقچىلىق ئىگىلىكىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

دېڭىز ـ ئوكيانلاردىكى بېلىقلارنىڭ سۇ ئۈزۈش سۈرئىتىدىن قارىغاندا، ئىلان بېلىق سائەتتە 12 كىلو ـ مېتىر ئۈزىدۇ، داماخا بېلىقى سائەتتە 40 كىلومېتىر ئۈزىدۇ. بۇ ئىككى خىل بېلىقنىڭ ئۈزۈش سۈرئىتىنى تېز دېيىشكە بولىدۇ، ئەمما ۋاشاق بېلىققا سېلىشتۇرغاندا چېنىپ قالىدۇ. ۋاشاق بېلىق بېلىقلار ئىچىدىكى سۇ ئۈزۈش چېمپىيونى، ئۇنىڭ يانىڭ ئوقىغا ئوخشاش ئۇزۇن بويىنى بولۇپ، بەدىنىدە ئەگرى ـ بۈگرى سىزىق بار، قۇيرۇغى ئىنچىكە، تېرىسىنىڭ سىرتىدا سۇنىڭ توسقۇنلۇغىنى ئازايتىدىغان بىر قەۋەت سىلىق شىلىم ـ شىمان سۇيۇقلۇق بار. ئۇ سائەتتە 119 كىلومېتىر ـ ئادەتتىكى پاراخوتلاردىن 3 ـ 4 ھەسسە تېز ئۈزىدۇ. ۋاشاق بېلىق مۇشۇنداق يۇقۇرى سۈرئەتتىن ھاسىل بولغان زەربە بېرىش كۈچى ئارقىلىق بېلىق تۇتۇپ يەيدۇ، ھەتتا كىت ياكى پاراخوتلارغىمۇ ئېتىلىدۇ. دۇنيادىكى نۇرغۇن مۇزېيلاردا ۋاشاق بېلىق بويىنىنىڭ پاراخوتتا ئۈزۈلۈپ قالغان ئۈلگىلىرى بار. ۋاشاق بېلىق ئاساسەن دۇنيادىكى ئىسسىق بەلۋاغ، مۆتىدىل ئىسسىق بەلۋاغ ۋە مۆتىدىل جايلاردىكى سۇدا ياشايدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ جەنۇبىي دېڭىزى ۋە شەرقىي دېڭىزىغا يېقىن جايلاردىمۇ ۋاشاق بېلىق بار.

ھەر خىل راك، قىسقۇچ پاقىلارمۇ كىشىلەر ياقتۇرىدىغان سۇ مەھسۇلاتلىرى ھېسابلىنىدۇ، بولۇپمۇ دۇي ـ شىيا بىلەن خېيجېي خەلقارا بازاردىكى ئورە باھالىق سورتقا كىرىدۇ. بۇلاردىن تاشقىرى، ئوزۇقلۇق ماددىسى كۆپ، تەملىك قۇلۇلىلەر نۇرغۇن. مەسىلەن، يىپىي



قۇلۇلىسىنىڭ قورۇتۇلغان قېپى "دەنسەي" دەپ ئاتىلىدۇ. مۇلى قۇلۇلىسىنىڭ قورۇتۇلغان قېپى "خاۋچى" دەپ ئاتىلىدۇ، چېگرىزىنىڭ قورۇتۇلغان قېپى "چېگرىزى قېپى" دېيىلىدۇ. ئاكولا بېلىغىنىڭ دۈمبە قانىتى، خەيشېنىڭ، تۇزلانغان بېلىقلار دۇنيادا مەشھۇر قىممەتلىك يېمەكلىك ھېسابلىنىدۇ.

تىنچ ئوكيانىنىڭ غەربىي ـ شىمالىدىكى قىسقۇچ پاقىنىڭ تۈرى 500 خىلدىن ئاشىدۇ، راكىنىڭ تۈرلىرى تېخىمۇ كۆپ. 3 ئوكيان ۋە جەنۇبىي دېڭىزدا چوڭ تىپتىكى ئومۇلگۈچى قاسراقلىق جانىۋار ـــ چوڭ قىسقۇچ پاقا ناھايىتى كۆپ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇغى بىرچى، ئېغىرلىغى بىر جىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، چوڭلىرى 10 جىڭ كېلىدۇ، ئۇ ھازىر دۇنيادىكى راك تۈرلىرى ئىچىدىكى ئەڭ چوڭى ھېسابلىنىدۇ، كىشىلەر چوڭ قىسقۇچ پاقىنى راكلارنىڭ پادىشاسى دەپ ئاتايدۇ. كۈز پەسلىدە، چوڭ قىسقۇچ پاقىلار كەڭ ـ كولەمدە يۆتكىلىدۇ، دېڭىز ئاستىدا رەت ـ رەت بولۇپ، باش ـ ئايىغى ئۈزۈلمەي، مىنۇتىغا 21 مېتىر تېزلىكتە ئىلگىرىلەيدۇ. ئۇلار سەپەر قىلغاندا، نۇرغۇن چوڭ قىسقۇچ پاقىلار قاتارغا قوشۇلۇپ، بارغانسېرى چوڭ قوشۇن تەشكىل قىلىدۇ.

جەنۇبىي قۇتۇپتىكى فوسفورلۇق راك ئىقتىسادىي قىممىتى ئەڭ يۇقۇرى راكلاردىن بىرى. ئۇنىڭدىكى ئوزۇقلۇق ماددا كالا گۆشى، دۈيشىيا ۋە ئادەتتىكى بېلىق، قۇلۇلە تۈرلىرىدىكىدىن كۆپ. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، فوسفورلۇق راك نەچچە يۈز مىليون توننىدىن نەچچە مىليارت توننىغىچە بار ئىكەن. يېقىنقى يىللاردىن



www.uyghurkitap.com

بۇيان، بەزى مەملىكەتلەر ئۇنى تۇتۇشقا باشلىدى. بەزىلەر قوسقۇرلۇق راكنى "دۇنيادىكى كەلگۈسى يېمەكلىك ئامبىرى" دەپ ئاتاشماقتا.

دېڭىز - ئوكيانلاردىكى سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ، دېڭىز - ئوكيانلاردىن قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان بارلىق ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك ئىزلىرىنى تېپىش مۇمكىن. بەزى ھايۋاناتلار دېڭىزلارغىلا خاس، مەسىلەن، دېڭىز ئاپتاپپەرىسى، مارجان، خەيچى قاتارلىق ئۈچەي قوساقلىقلار، دورا مەنبەسى قىلىنىدىغان بۇلۇت ھايۋانلار، تۈرى 45 مىڭ خىلدىن ئاشىدىغان يۇمشاق تەنلىكلەر ۋە بىر ھۈجەيرىلىك جانىۋارلار، بوغۇملۇق ھايۋانلار، مۈخ ھايۋانلار، تۇكلۇك ھايۋانلار، بوغۇم ئاياقلىقلار، ئومۇرتقىسىز ھايۋانلار ۋاھاكازالار.

پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، دېڭىز - ئوكيانلاردىكى مول جان - جانىۋارلار ئىنسانلار ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشقۇسى.

www.uyghurkitap.com

# 世界见闻

世界知识出版社编

•

喀什维吾尔文出版社出版
新疆新华书店发行　新疆新华印刷厂印刷
87×1092 毫米 32开本 6.125印张
1983年6月第1版　1984年1月第1次印刷
印数：1—7,000
书号：M3264·1　定价：0.31元